تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە

ئابلىز ئوسمان

2

...كار شائىر

# نىمشېھىت

6

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



2

ئابلىز ئوسمان

## پىداكار شائىر

# نىمشېھىت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر

6

图书在版编目(CIP)数据

尼穆谢依提/阿不利孜著. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，2003.5

(历史人物故事丛书. 第6辑)

ISBN 7—228—08010—6

Ⅰ. 尼… Ⅱ. 阿… Ⅲ. 故事—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言）Ⅳ. I247.8

中国版本图书馆CIP数据核字(2003)第035678号

责任编辑:玛丽亚木·买买提明
责任校对:祖来哈·艾则孜
封面设计:穆拉丁·阿比迪

历史人物故事丛书 第6辑
(2)
献身的诗人—**尼穆谢依提** (维吾尔文)

阿不利孜·乌斯曼 著

---

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号 邮编:830001)
新疆新华书店发行
乌鲁木齐降益达印务有限公司印刷
787×1092 毫米 32开本 4.25印张
2003年5月第1版 2003年5月第1次印刷
印数:1—5000册

---

ISBN 7—228—08010—6 套价(1—5)：30.00元
(单价：6.00元)

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........ 1

ئوغلاق ۋەقەسى ........ 1

بالا شائىر ........ 8

ئاسماندىن چۈشكەن دىۋە ........ 15

تىنىمسىز ئىنتىلىش ........ 19

كۈچادىكى كۈنلەر ........ 24

قەشقەرگە سەپەر ........ 29

ياش مۇنازىرىچى ........ 36

قوش تاپانچىلىق ئەزىمەت ........ 42

گۆر ئاغزىدىن قايتىش ........ 45

تۈندىكى مەشئەل ........ 50

كۈتۈلمىگەن بوران - چاپقۇن ........ 56

يىغلىماڭ قىزىم ........ 61

كېيىك بالىسىنىڭ ھېكايىسى ........ 66

قېرىنداشلارچە دوستلۇق ........ 71

ئازادلىق جەڭچىسى ........ 80

يۇرتىغا قايتىش ........ 89

مۇقەددەس ھەج سەپىرىدىكى سېغىنىش ........ 93

ئامان قالغان تەۋەررۈك ........ 98

ئېغىر قىسمەت ........ 109

خاتىمە ........ 124

# كىرىش سۆز

نىمشېھىت ئەرمىيا ئېلى سايرامى (1904 — 1971) ئۇيغۇر ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ داڭلىق پېشۋالىرىدىن بىرى. مەشھۇر شائىر، مائارىپچى، ژۇرنالىست ۋە جامائەت ئەربابى. ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى بىلەن ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنى بىر - بىرىگە تۇتاشتۇرغان كۆۋرۈك، دېگەن پەخىرلىك نامغا ئىگە.

نىمشېھىت كىچىكىدىنلا زۇلۇمغا، جاھالەتكە قارشى ئىسيانكار خاراكتېرىنى يېتىلدۈرگەن ھەم بۇ خىل روھنى ھۆرلۈككە ئېرىشىشنىڭ، مەرىپەتلىك بولۇشنىڭ، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ خورىماس ئېنېرگىيىسىگە ھەم ئىجادىيەتتىكى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلاندۇرغان. ئۇ يېزىدىكى دىنىي مەكتەپتە ساۋات چىقارغاندىن كېيىن، 1922- يىلدىن 1928 - يىلغىچە باي ۋە كۇچادىكى مەدرىسىلەردە ئوقۇغان. بۇ چاغدا ئۇنىڭ خەلق قوشاقلىرى شەكلىدە يازغان «بازار ۋە مازار» ناملىق تۇنجى شېئىرلار توپلىمى قولىيازما ھالەتتە ئەل ئىچىگە تارقالغان. 1929 - يىلى ئۇ قەشقەرگە بېرىپ شۇ زاماننىڭ داڭلىق ئىلىم مەركىزى «خانلىق مەدرىسە»دە ئوقۇغان. بۇ مەزگىلدە ئۇ «مادارا ئەئىزەم» («چوڭ ياراشتۇرۇش») ناملىق شېئىرلار توپلىمى بىلەن مۇھەببەت تېمىسىدا يېزىلغان «ئەنۋارۇلھۇدا» («ھەقىقەت نۇرلىرى») ناملىق قەسىدىسىنى روياپقا چىقىر-

رىپ، تالانتلىق شائىر سۈپىتىدە تونۇلغان.
1933 ـ يىلى قەشقەردە زۇلۇمغا قارشى خەلق قوزغى-
لىڭى پارتلىغاندا، ئەرمىيا ئىلى ئۈنىڭغا ئاكتىپ قاتناشقان
ھەم بىر قېتىملىق جەڭدە بوينىغا ئوق تېگىپ ھاياتىدىن
ئايرىلغىلى تاس قالغان. شۇڭا، ئۇ دوختۇرخانىدىن چىققان-
دىن كېيىن يازغان شېئىرلىرىنى «نىمشېھىت» (يېرىم
جان) دېگەن تەخەللۇس بىلەن ئېلان قىلغان. ئۇ يۇرتىغا
قايتىپ كەلگەندىن كېيىن يېڭىچە مائارىپ ۋە ئاقارتىش ئىش-
لىرى بىلەن ئاكتىپ شۇغۇللانغان. 1936 ـ يىلى 2 ـ
ئايدا، «بىلىم ئىشقىدا»ناملىق مەشھۇر شېئىرىنى يېزىپ،
پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا زىلزىلە پەيدا قىلغان.
نىمشېھىت 1936 ـ يىلىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدىن
1945 ـ يىلى 1 ئايغىچە «ئاقسۇ ئۇچۇرى» (كېيىن «ئاقسۇ
گېزىتى»گە ئۆزگەرتىلگەن) تەھرىر بۆلۈمىدە مۇھەررىر بو-
لۇپ ئىشلىگەن. بۇ مەزگىلدە ئۇ ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىغا
كەڭ تارقالغان «مىلى ئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن» ھەققىدىكى
رىۋايەتلەرنى توپلاش، رەتلەش ۋە تەتقىق قىلىش ئارقىلىق
«مىلى ئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن» ناملىق مەشھۇر داستانىنى
يېزىپ، دۇنياۋى ئۇلۇغ شائىر ناۋايىدىن كېيىن بۇ ئۆلمەس
تېمىنى ئۆزگىچە تەپەككۇر ۋە بەدىئىي ئىستېدات نۇرى بىلەن
يورۇتقان.
نىمشېھىت 1945 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، ئۈچ ۋىلايەت
مىللىي ئارمىيىسىنىڭ ئاقسۇغا چۈشكەن قىسمى بىلەن بىللە
غۇلجىغا چىقىپ كەتكەن ھەم مىللىي ئارمىيە باش قوماندان-
لىق شتابى تەشكىل قىلغان «تارىخ يېزىش» ئىشخانىسىدا
ئىشلىگەن. 1948 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، ئىلىدا

«شىنجاڭدا تىنچلىق ۋە خەلقچىللىقنى ھىمايە قىلىش ئىتتىد-
پاقى» قۇرۇلغاندا، ئۇ «ئىتتىپاق» نىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋە
ئۇنىڭ نەشر ئەپكارى بولغان «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى تەھرىر
ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلانغان. بۇ مەزگىلدە، ئۇ
«مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد - شىرىن» داستانىنى تولۇقلاپ يې-
زىپ، «ئىلى گېزىتى»دە ئېلان قىلغان ھەم ئۆز خىراجىتى
بىلەن 3000 نۇسخا باستۇرۇپ تارقاتقان. ئۇ بۇ جەرياندا
شېئىرىيەت بىلەنلا شۇغۇللىنىپ قالماي، يەنە سەھنە ئەسە-
رى ئىجادىيىتى بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. يېڭى جۇڭگو قۇرۇل-
غاندىن كېيىن ئۇ ھېچقانداق ئەمەل ۋە ئىمتىياز تەمەسىدە
بولماي، يۇرتىغا قايتىپ كېلىپ ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرى
بىلەن بىللە ئاددىي پۇقرالىق تۇرمۇشىنى كەچۈرگەن ھەم
داۋاملىق ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. 1956 - يىلى
جۇڭگو ھەج ۋەكىللەر ئۆمىكى تەركىبىدە 10 غا يېقىن دۆلەت-
تە زىيارەتتە بولغان. شۇ قېتىمقى سەپەر جەريانىدا، ئۇ
«سېغىندىم» ناملىق مەشھۇر شېئىرىنى يېزىپ كۈچلۈك
تەسىر قوزغىغان. ھەج سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كې-
يىن شەرەپ بىلەن ماۋجۇشىنىڭ قوبۇل قىلىشىغا ئې-
رىشكەن...

ئىمشىھىت 1960 - يىلىدىن باشلاپ بەدىئىي ئىجادىيەت-
نىڭ مول ھەم يۇقىرى پەللىسىگە قاراپ قەدەم تاشلىغان.
«ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە
ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىپ، ئارۇز ۋەزنىلىك شېئىر شەكلىنى
مەزمۇن جەھەتتە يۇقىرى پەللىگە كۆتۈرۈپ، ئۆز دەۋرىنىڭ
ئىلغار ئىدىيىلىرىنى كۈيلىگەن. ئۇنىڭ شېئىر - داستانلى-
رى تىلىنىڭ راۋانلىقى، چۈشىنىشلىكلىكى، تۇراق ۋە رىتىم-

لىرىنىڭ تەڭكەشلىكى، قاپىيىلىرىنىڭ توق ۋە گۈزەللىكى جەھەتتە بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر شېئىرىيىتى ئۈچۈن ياخشى نەمۇنە بولغان. شائىر ھەر خىل ئىستىلىستىك ۋاستىلەر-دىن ماھىرلىق بىلەن پايدىلىنىپ، ئۆز پىكرىنى چوڭقۇر شېئىرىي ھېسسىيات ۋە جانلىق شېئىرىي ئوبرازلار ئارقىلىق ئىپادىلىگەن. ئۇقۇملاشتۇرۇش، قېلىپبازلىق، شوئارۋاز-لىق، كالېندارچىلىقتەك خاھىشلاردىن تېرىشىپ ساق-لانغان... ئىمشىھىت شېئىرلىرىدا ئىپادىلەنگەن دېموكراتىك ئىدىيە، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مەرىپەتپەرۋەرلىك روھ ئۇنىڭ ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر شائىر، يېڭى دەۋرنىڭ يالقۇنلۇق كۈيچىسى ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. شائىرنىڭ ئۆز ۋاقتىدا بىر قولىغا قەلەم، بىر قولىغا ئەلەم ئېلىپ خەلقىمىزنىڭ ئازادلىق ئىشلىرى ئۈچۈن سىڭدۈرگەن جاپا-لىق ئەمگىكى ئۇنىڭ كۈرەشچان، جەڭگىۋار ھاياتىنىڭ تىم-سالى...» (ئابلىمىت ئىسمايىل، ماخمۇتجان ئىسلام: «ھا-زىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى»)

ئەپسۇسكى، شائىر زور ئىجادىي قىزغىنلىق بىلەن «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن» داستانىنى ئاخىرقى قېتىم تولۇقلاپ يېزىپ بولۇپ، «گۆر ئاغزىدىن يانغاندا» ناملىق شېئىرىي رومانى ۋە «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» داستانى ئۈستىدە جىددىي ئىشلەۋاتقان پەيتتە، «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى»دىن ئىبارەت تەتۈر قۇيۇن كۆتۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئاشۇ قىممەتلىك ئىجادىي ئەمگەكلىرى ۋەيران قىلىنىۋېتىلدى ۋە ئۆزىمۇ مىسلى-سىز ئېغىر خورلۇق ۋە ناھەقچىلىك تۈپەيلىدىن، 1971 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ئېچىنىشلىق ھالدا بۇ ئالەم بىلەن خوشلاشتى.

# ئوغلاق ۋەقەسى

1904- يىلى 7- ئاينىڭ 8- كۈنى، تۈن كېچە··· ھاۋا ئوچۇق بولۇپ، زۇمرەتتەك سۈزۈك ئاسماندا يۇلتۇزلار جىمىرلاپ تۇراتتى. يىراقلاردىن غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان تەڭرى تاغلىرىنىڭ سۇرلۇك گەۋدىسى ئاي نۇرىغا چۆمۈلگەندى. باي ناھىيىسىنىڭ سايرام يېزىسىغا قاراشلىق تېزەكقاغۇ كەنتىدىكى نامرات بىر دېھقاننىڭ ئۆيىدە دۇنياغا كۆز ئاچقان بوۋاقنىڭ «ئىڭە، ئىڭە···» دېگەن يىغا ئاۋازى كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزىۋەتتى. ئاچچىق تولغاق ئازابىدىن ھالسىزلانغان ئانا «ئۇھ» دەپ چوڭقۇر بىر تىنغىنىچە بېشىنى ياستۇققا يەڭگىل قويدى.

ئايالىنىڭ نالە-پەريادىغا چىدىماي ھويلىغا چىقىۋېلىپ، ئېڭەك تۇتقىنىچە غەمگە چۆكۈپ، ئاللادىن تىنچلىق - ئامانلىق تىلەپ ئولتۇرغان دادا چۆچۈپ ئورنىدىن تۇردى. شۇ ئەسنادا ئۆي ئىچىدىن تۇغۇت ئانىسى مومايىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئېلىئاخۇن، خۇش خەۋەر، تېز ئۆيگە كىرسىلە!

ھەممە ئىشنىڭ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى پەملەپ، ئۇستىدىكى تۇگمەن تېشىنى ئېلىۋەتكەندەك يەڭگىللەپ قالغان دادا

چاقانلىق بىلەن ئۆيگە كىرگەندە، بوۋاقنى سورتوپ ئوراۋات-قان تۇغۇت ئانىسى موماينىڭ ئاغزى يەنە ئېچىلدى:

— ھە، ئېلى ئاخۇن، مۇبارەك بولسۇن، خۇداغا رەھ-مەت دېسىلە، قارىسىلا پاقلاندەك ئوغۇل!

ئانىسىنىڭ يېنىدا قىزىل قورتتەك قىمىرلاپ ياتقان بوۋاقنى كۆرۈپ ئېلى ئاخۇننىڭ يۈرىكى پىژژىدە كۆيگەندەك بولدى.

— رەھمەت، رەھمەت، سىلىمۇ كۆپ رىيازەت چەكتى-لە، — دېدى ئېلى ئاخۇن تۇغۇت ئانىسى مومايغا جاۋابەن، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن خۇشاللىق ئوتلىرى چاقنايتتى.

مۇسۇلماندارچىلىق ئەقىدىسى ناھايىتى كۈچلۈك ئېلى ئاخۇن يەتتە كۈندىن كېيىن بوۋاقنىڭ ئوڭ قۇلىقىغا ئەززان چىللاپ، سول قۇلىقىغا تەكبىر ئېيتىپ، «ئەرمىيا» دېگەن ئىسىمنى قويدى. بۇ ئىسلام دىنى رىۋايەتلىرىدىكى بىر پەي-غەمبەرنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئەركىنلىككە، ھۆرلۈككە ئې-رىشتۈرگۈچى، دېگەن مەنىنى بېرەتتى.

ئېلى ئاخۇننىڭ دادىسى سامساق موللا نامرات بولسىمۇ، تۈز، راستچىل، سەمىمىي مىجەزى بىلەن ئەل ئىچىدە خېلى ئىناۋەتتى بار مەرىپەتپەرۋەر كىشى ئىدى. ئۇنىڭدىكى بۇ خىل مىجەز، ئائىلىدىكى مەرىپەت ھىدى تەبىئىي ھالدا ئوغلى ئېلى ئاخۇنغا سىڭگەنىدى. كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭ پەرزەنت-لىرىنى مەرىپەت ئىگىلىرى قىلىپ تەربىيىلەشكە كۈچىنىڭ بارىچە تىرىشىشى مۇشۇ خىل ئىزچىللىقنىڭ تەسىرىدىن ئى-

دى.

ھەش ـ پەش دېگۈچە تۈيدۇرمايلا بىر نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتتى. ئەرمىيا ئاستا ـ ئاستا چوڭ بولماقتا ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى قوشاق توقۇشقا، چۆچەك ئېيتىشقا خېلىلا ماھىر ئىدى. يېشىنىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي ئۆزىدىن ئۇنى ـ بۇنى سورايدىغان ئەرمىياغا بەكلا ئامراق ئىدى. شۇڭا، پۇر-سەت تاپسىلا ئۆزى بىلىدىغان قىزىقارلىق ھېكايىلەرنى، خەلق قوشاقلىرىنى ئوغلىغا ئېيتىپ بېرەتتى. گايىدا قىبلە تامدىكى ئويۇقتا قويۇلغان كونا دىنىي كىتابلارنىڭ ئارىسىدىن قايسىدۇر كلاسسىك شائىرنىڭ دىۋانلىرىنى ئايرىپ ئېلىپ زېرىكمەستىن ئوقۇپ بېرەتتى. كۆزلىرىدىن چېچەنلىكى چى-قىپ تۇرغان ئەرمىيا بولسا پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ ئاڭلايت-تى. بىر دېمەتلىك دوستلىرى بىلەن بىرگە بولغاندا، ئۇ دادىسىدىن ئاڭلىغانلىرىنى تەمتىرىمەستىن سۆزلەپ بېرەت-تى. مەھەللىدىكىلەر ئۇنىڭ چاقماقتەك سۆزلىرىگە ھەيران بولۇشۇپ:

— چوڭ ئادەمنى كىچىكلىتىپ قويغاندەكلا بالا جۇمۇ، دائىم ئادەمنىڭ يەتتە مېڭىسىدە يوق گەپلەرنى قىلىپ يۈر-گەن، — دېيىشەتتى.

ئېلى ئاخۇن ئائىلىسىدىكى توققۇز جان بەش مو يەرگە تايىنىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسى نامرات بولسىمۇ، ئەدەپ ـ قائىدىنىڭ، ئادەمگەرچىلىك ۋە مېھىر ـ شەپقەتنىڭ بۇلىقى ئىدى. ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن چىق-

سىلا سۇزۈك سۇلار شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان ئېرىق ــ ئۆستەڭلەر، بىپايان يېشىللىقتا پۈركەنگەن ئېتىز ــ دالا، بوك ــ باراقسان ئورمانلار كۆزگە چېلىقاتتى. كىچىككىنە ئەرمىيا ئەنە شۇنداق پاكىز مۇھىتتا ساغلام، زېرەك يېتىلىشكە باشلىدى ھەم بالىلىق دەۋرىگە قەدەم قويا ــ قويمايلا، جەمئىيەتتىكى ئىجتىمائىي ھادىسىلەرنىڭ، ئەل ئىچىگە كەڭ تارقالغان مەنىلىك ھېكايىلەرنىڭ قەھرىمانىغا ئايلىنىپ قالدى.

ئۇلارنىڭ بىر ئوغلاقلىق ئۆچكىسى بار ئىدى. ئەرمىيا ئۇنى جېنىدىن ئەزىز كۆرەتتى. دائىم ئۆينىڭ ئەتراپىدىكى ئېتىز ــ ئېرىق بويلىرىدا باقاتتى. ئوغلاقنىڭ شوخ، ئەركىن سەكرەشلىرى ئۇنى قەۋەتلا خۇشال قىلىۋېتەتتى، گاھىدا ئۆزىمۇ سەزمەستىن ئوغلاق بىلەن ئويناپ كېتەتتى... ئوغلاقمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق ئىچەكىشىپ كەتكەنىدىكى، ئۇ نەگىلا بارسا ئەگىشىۋالاتتى.

بىر كۈنى ئەرمىيا ئۆچكە بىلەن ئوغلاقنى ئوتلىتىۋاتقاندا، ئۇلار تۇيۇقسىز كەنتتىكى نىياز زوڭگەي (لەقىمى قۇيۇن) ئىسىملىك باينىڭ بېدىلىكىگە كىرىپ كەتتى. باينىڭ چوماقچىلىرى بۇنى كۆرۈپ قېلىپ، ئەرمىياغا قوپاللىق بىلەن ھۆركىرىدى:

— ھەي شۇم، كۆزۈڭ يوقمۇ سېنىڭ؟

ئۇلارنىڭ چېكىدىن ئاشقان يولسىزلىقى كىچىككىنە ئەرمىيانىڭ سەبىي دىلىنى رەنجىتتى. ئۇ ئېمىلەرنىدۇ دې-

مەكچى بولۇپ ئاغزىنى ئۆمەللىشىگە، «چاڭ ـ چۇڭ» تەگ-
كەن ئىككى شاپىلاق زەربىسىدىن ئېتىزدىكى لايغا يىقىلىپ
چۈشتى. ھەددىدىن ئاشقان غالچىلار ئۇنىڭ ئۆچكە ـ ئوغلا-
قىنى تۇتۇپ كەتتى. كۆزلىرى ئەلەملىك ياشقا تولغان ئەر-
مىيا نائىلاج ئۆيگە كەلگەندە، دادىسى تېخى ئېتىزدىن قايتمى-
غانىدى. بىچارە ئانا ئوغلىنىڭ كۆزىدىكى ياشنى كۆرۈپ
چىدىمايلا قالدى:

— بولدى ئوغلۇم، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلما، داداڭ كەل-
گۈچە ساقلايلى، — دېدى ئانا ئوغلىنى باغرىغا مەھكەم
بېسىپ.

— ئاپلا، چاتاق بوپتۇ، ئۇ مەرەزلەرنىڭ يېرىگە قانداق-
لارچە بېرىپ قالغانسەن، جېنىم بالام، — دېدى دادىسى
كەچتە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن بولغان ئىشنى ئاڭلاپ.
ئۇنىڭ قەلبى بىر شۇملۇقنى سەزمەكتە ئىدى. چۈنكى،
باينىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكى ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئايان
ئىدى. شۇڭا ئۇ بۇ ئىشنى شۇنداقلا بولدى قىلىۋەتمەكچى
بولدى. بىراق، ئوغلى بىلەن ئوغلاق ئوتتۇرىسىدىكى تەس-
ۋىرلىگۈسىز چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببەتنى كۆز ئالدىغا كەل-
تۈرۈپ، بۇ نىيىتىدىن ياندى:

— يۈر ئوغلۇم، بېرىپ باقايلى، — دېدى ئۇ ئەرمىيا-
نىڭ دولىسىغا يەڭگىل ئۇرۇپ. ئۇلار باينىڭ قورۇسىنىڭ
ئالدىغا كېلىپ، كۆك سىر بىلەن سىرلانغان ھەشەمەتلىك
دەرۋازىنى بوشقىنا چەكتى. شۇئان بۆرە ئىتلارنىڭ ئەنسىز

قاۋاشلىرى، ئاندىن شىپىرلىغان ئاياغ تىۋىشى ئاڭلاندى. ئىشىك ئىچىلىپ باينىڭ چاۋار ئىسىملىك دورغىسى گىدەيـ گىنىچە چىقىپ كەلدى:

— ھە، بالاڭلىغا ئوبدان نەسىھەت قىلماقتا يوق، نىمە بۇ يەردە دوقۇرۇپ يۇرىسىلە، ئىلاخۇن؟ — دىدى ئۇ تەكەبـ بۇرلۇق بىلەن چىشلىرىنى كولىغاچ.

— بالا بىخەستىلىك قىلىپتۇ، زىيانىنى تۆلەپ بەرسەم، ئۆچكە بىلەن ئوغلاقنى قايتۇرۇپ بىرىشكەن بولسىلا، بىچارە ئوغلۇم جىنىدىن ئەزىز كۆرەتتى جانىۋارلارنى، — دىدى ئىلى ئاخۇن تۆۋەنچىلىك بىلەن ناماقۇل بولۇپ.

— ھە مۇنداق دەڭلا، ئىلاخۇن، ئۆچكە بىلەن ئوغلاقـ نىڭ گىپىمۇ؟ ماقۇل، تۇرۇپ تۇرۇڭلا، — دورغا شۇنداق دىگىنىچە ئالچاڭلاپ كىرىپ كەتتى. ئەرمىيا ئۇمىدلىنىپ دادىسىغا خۇشاللىق بىلەن قارىدى. بىراق، ئىلى ئاخۇننىڭ چىرايىدىن بىر خىل گۇمان، تىڭىرقاش ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى.

ئۇزۇنغا قالماي دورغا يەنە چىقىپ كەلدى. ئۇ دەرۋازىـ نى ئىچىپلا بىر لىگەن سۆكەك ـ ساپاقنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا تۆكۈپ:

— مانا ئوغلىقىڭلار، ئىلىپ كەتسەڭلار بولىدۇ، — دىدى، ئاندىن زەھەرخەندىلىك بىلەن قاقاقلاپ كۈلگىنىچە دەرۋازىنى تاقاپ كىرىپ كەتتى.

ئەرمىيانىڭ كۆزلىرىدىن ياشلار تاراملاپ تۆكۈلدى.

— چىداملىق بول، ئوغلۇم، خۇدايىم جاجىسىنى بېرەر
بۇ تـۇڭگۇزلارنـىڭ، — دېدى دادىسى ئـۇنى باغرىغا بې-
سىپ. ئەمدىلا ئالتە ياشقا كىرگەن ئەرمىيانىڭ سەبىي قەل-
بىدە شۇنىڭدىن تارتىپ زوراۋانلىققا، زۇلۇم، تەڭسىزلىككە
بولغان غەزەپ - نەپرەت ئۇچقۇنداشقا باشلىدى.

# بالا شائىر

1911 ـ يىلى 6 ـ ئاي مەزگىلى، «ئۆچكە ۋەقەسى»گە بىر يىل بولغان چاغ. ئەرمىيا مەھەللىسىدىكى دىنىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتى. بىر كۈنى تېزەكقاغۇدا چوڭ نەزىر ـ چىراغ ئۆتكۈزۈلدى. ئۇنىڭغا بايدىكى چوڭ ـ كىچىك بەگ ـ غوجاملار بىلەن شۇ زاماندىكى مەرىپەتپەرۋەر دىنىي ئۆلىما ساۋۇت داموللىمۇ① قاتناشقانىدى. دادىسى بىلەن كەلگەن ئەرمىيا ئۆز تەڭتۇشلىرى بىلەن ئويناپ يۈرەتتى. نەزىر قىلغۇچىنىڭ ئىشىك ئالدى ئۆستەڭ، ئۆستەڭ بويى قاتار ئۈجمىلىك بولۇپ، داستىخان ئۈجمە سايىسىگە سېلىنغانىدى...

بىر چاغدا باينىڭ چاۋار ئىسىملىك ھېلىقى دورغىسى پىشقان ئۈجمىلەر مەرۋايىتتەك چاقناپ تۇرغان بىر شاخنى تارتتى. ئۈجمىلەر مۆلدۈر ياغقاندەك تۇرۇكلاپ يەرگە چۈشتى، ئارقىدىنلا غاراسىدە قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ شاخمۇ سۇنۇپ كەتتى. بۇ چاغدا ئېلى ئاخۇن بالىلارغا ئۈجمە تېرىپ

① ئۆلىما ساۋۇت داموللا باي ناھىيىسىدە ئۆتكەن مەرىپەتپەرۋەر كىشى. ئىسمىداش بولغىنى بىلەن قەشقەردە ئۆتكەن ساۋۇت داموللام ئەمەس، ئىككىسى ئىككى ئادەم.

بېرىۋاتاتتى. دورغا ئۇنىڭغا قاراپ:

— غوجامغا ياخشى ئۇجمىلەردىن تېرىپ بەر، — دېدى.

— دادا، سىز ئۇجمىگە چىقىپ ئىرغىتىپ بېرىڭ، مەن تېرىپ بېرەي، — دېدى ئەرمىيا گەپكە ئارىلىشىپ.

— سېنىڭ يەردىن تەرگەن مەينەت ئۇجمىلىرىڭنى كىم يەيدۇ؟ — دەپ گۆلەيدى دورغا.

شۇ ئەسنادا ساۋۇت داموللا ئۇجمە تۈۋىگە كېلىپ قال-دى. ئۇ بالىلارنى ئەركىلەتكەچ يەرگە چۈشۈپ كەتكەن بىر تال ئۇجمىنى قولىغا ئېلىپ «پۇۋ» دەپ پۇۋلىۋېتىپلا ئاغزىغا سالدى. بۇ ئىشقا دىققەت قىلغان يەتتە ياشلىق ئەرمىيا خۇد-دى چوڭ ئادەم ئۆگىتىپ قويغاندەكلا:

شاخنى يىرىپ يېدى زالىملار،
يەردىن تېرىپ يېدى ئالىملار.

دەپ قوشاق قاتتى، ئەتراپتىكى كىشىلەر بۇنى ئاڭلاپ پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. ئوسال بولغان دورغا سەت ئۆز-گىنىچە غىڭ قىلالمىدى. ساۋۇت دامولا ئەرمىياغا ئىللىق كۈلۈمسىرەپ:

— هەي بالەك، بىكەگىنە، — دەپ ئۇنى يېنىغا چاقىر-دى ھەم مەسلىكى كەلگەن ھالدا گەپكە سالدى، — كىمنىڭ بالىسىسەن؟

— ئېلى موللامنىڭ.

— ئىسمىڭ نېمە؟
— ئەرمىيا.
— نەچچە ياشقا كىردىڭ؟
— يەتتىگە.
— ئوقۇۋاتامسەن؟
— هەئە.
— نېمە ئوقۇۋاتىسەن؟
— سۇرە ـ ساۋاق.
— يەنە نېمىلەرنى بىلىسەن؟

گەپ شۇ يەرگە كەلگەندە، ئەرمىيا كىملەردىندۇر ئاڭ-لاپ يادىدا قالغان ئىككى مىسرا غەزەلنى ئوقۇدى. بىراق، يەتتە ياشقا كىرگەن بولسىمۇ «ر» غا تىلى كەلمىگەچكە، شېئىردىكى «ر» هەرپى بىلەن كەلگەن سۆزلەرنى «ي» دەپ تەلەپپۇز قىلدى.

ئەشيەقەتمەن ئەكسى شەمسىل كەئنسى ئەنۋەيول هودا،
ياي ئەكسىن مەيدە كۆي دەپ جامدىن چىقتى سادا.

بۇ ناۋايىنىڭ غەزىلى ئىدى.

بالىنىڭ ئەقلىگە، ئىنكاسىنىڭ تېزلىكىگە قايىل بول-غان ساۋۇت داموللام:

— ئىككى ئالەم سائادەتمەن بول، بالام، — دەپ پېشاند-سىگە سۆيۈپ قويدى. ئاش تارتىلغاندا يوغان بىر پارچە

گۆشنى ئۈنىڭغا تۇتقۇزۇپ:

— مە، بۇنى يېگىن بالا شائىر، ئوبدان ئوقۇ!

— دېدى. ئۇنىڭ ئەرمىياغا چىن قەلبىدىن مېھرى چۈشۈپ قالغانىدى. بۇ ئىش ئۇلارنىڭ كېيىنكى چاغلىرىدىكى ئۇستاز - شاگىرتلىقىنىڭ، چىن، سەمىمىي دوستلۇقىنىڭ مۇقەددىمىسىگە ئايلاندى…

* *

تېزەكقاغۇدا توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلار ئايىغى ئۈزۈلمەستىن بولۇپ تۇراتتى. ئەرمىياغا دىنىي ساۋات بېرىدىغان موللام مەھەللە مەسچىتىنىڭ ئىمامى بولغاچقا، بۇنداق سورۇنلاردىن ئايرىلىپ قالمايتتى. باللارنى خەلپەت (سىنىپ باشلىقى) كە تاپشۇرۇپلا كېتىۋېرەتتى. بىراق، بەڭۋاش باللار ئۇنىڭغا ئانچە بەك بويسۇنمايتتى. دەرس تەكرارلىماي تەپمە تۇماق ئويۇنى ئوينايتتى. بۇ ئىش تولا تەكرارلىنىۋەرگەچكە، ئەرمىيا بىزار بولۇپ:

موللام نەزىر قوغلايدۇ،
پولۇ - ئاشقا تويمايدۇ.
باللار ساۋاق بىلمەستىن،
تەپمە تۇماق ئوينايدۇ.

دەپ قوشاق قاتتى ھەم باللارغا ئوقۇپ بەردى.

موللام ھەقىقىي ئىلىم ئەھلىدىن بولمىغاچقا، باللارغا بەك كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيتتى. توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلار سەل سىلىكىپ قىلىپ ئىچى پۇشۇپ قالسا، ھەممە ئىشنى خەلپەتكە تاپشۇرۇپ قويۇپلا شىكارغا چىقاتتى. قۇر-غۇينى قولىغا قوندۇرۇپ ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلايتتى. ئەر-مىيا موللامنىڭ ئۆزلىرى بىلەن كارى بولمايۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:

موللام، موللام شىكاركەن،
قۇرغۇي قۇشلاپ چىقاركەن.
موللام قۇشقاچ قوغلىسا،
تالىپلىرى بىكاركەن.

دەپ قوشاق قاتتى. ئۇ بۇ قوشاقنى باشقىلارغا ئوقۇپ بېرىۋاتقاندا، موللام ئۇستىگە كېلىپ قېلىپ ئاڭلاپ قالدى.

— ھەي شۇم، ئاغزىڭنى يۇم! — دەپ چالۋاقىغىنىچە قولىغا تاياقنى ئالدى، — قېنى، مەن بەرگەن ساۋاقنى ئوقۇپ باقە، — دەپ «قۇليا» (قۇرئاندىكى بىر سۈرە) دېگەن قىيىن ساۋاقنى سورىدى. ئەرمىيا جاۋاب بېرىۋېتىپ بىر يەردە دۇدۇقلاپ قېلىۋىدى، موللام ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنى سوزۇپ:

— ماۋۇ قۇلاق گەپ ئاڭلامدۇ؟ يەنە شەيتانلىق قىلىپ

گەپ توقۇمسەن؟ — دېگىنىچە چىۋىق بىلەن ساۋاشقا باشلى-
دى.

بىراق، ئەرمىيا كىچىكىدىنلا قورقۇمسىز ھەم يۇمۇر-
لۇق ئىدى. ئۆزۈن ئۆتمەي بۇ ئىشقا قارىتا:

«قۇليا» مېنى قۇرۇتتى،
قۇلىقىمنى مۇرۇتتى.
مەن «قۇليا»نى بىلمىسەم،
موللام مېنى ئۇرۇتتى.

دەپ قوشاق توقۇپ، باشقىلارنى كۇلدۇرۇپ يۈردى.

ئۇ زامانلاردىكى يېزا دىنىي مەكتەپلىرىدە ئوقۇشنىڭ
ساپاسى يوق بولۇپ، باللار پەقەت سۈرە - ساۋاق، ھەپتى-
يەكلەرنى قارىسىغا يادلايتتى، خەت يېزىشنى ئۆگىنەلمەيت-
تى. لېكىن، ئەرمىيا ئۆزىنىڭ زېرەكلىكى ۋە تىرىشچانلىقى-
غا تايىنىپ يېزىشنى، ئوقۇشنى ئۆگىنىۋالدى. شۇ جەريان-
دا، ئوقۇش تۈزۈمى مۇكەممەل بولمىغان مەھەللىۋى ئىپتى-
دائىي دىنىي مەكتەپ بىلەن ئۇنىڭ يۇكسەك ئارزۇ - ئارمان-
لىرى ئوتتۇرىسىدا ئېغىر توقۇنۇش كېلىپ چىقتى. ئۇ بۇ
ئەھۋالغا چىدىيالماي:

«تەببەت»[1] كە بەك تىرىشتىم،
«ئىزاھجائە»[2] گە ئىرىشتىم.
ساپاسى يوق مەكتەپتىن،
ئەجەبمۇ بەك زېرىكتىم.

دەپ يازدى. شۇ چاغدا ئۇ تېخى ئەمدىلا 10 ياشقا كىر-
گەنىدى…

① ② سۈرىلەرنىڭ نامى

# ئاسماندىن چۈشكەن دېۋە

ئۇ زامانلاردا نادانلىق، خۇراپاتلىق ھەممە جايىنى قاپلىـ
غان بولسىمۇ، ئەرمىيا كىچىككىدىنلا باخشى ـ داخان، رەمـ
بال دېگەنلەرگە بەك ئۆچ ئىدى. نېمىشقىدۇر ئۇلارغا گۇماـ
نىي كۆزدە قاراتتى. بىر كۈنى ئۇنىڭ چوڭ ئانىسى ئاغرىپ
قالدى. ئېلى ئاخۇن ئانىسىنى داۋالىتىش ئۈچۈن يىراق
سايرام بازىرىدىن ئابدۇرازاق باخشى دېگەن پېرىخوننى چاقىـ
رىپ كېلىپ پېرە ئويناتتى. باخشى كېسەلنى ئۆي ئىگىسى
ۋە قولۇم ـ قوشنىلار بىلەن بىر ئۆيگە سولاپ بىر كېچە
«كارامىتى»نى كۆرسەتتى، ئەمما، موماينىڭ كېسىلى ياخـ
شى بولمىدى. شۇنداقتىمۇ باخشى ئىش ھەققى ئۈچۈن بىر
تاغار ئاشلىقنى ئېلىپ قايتىپ كەتتى. موماينىڭ كېسىلى
تېخىمۇ ئېغىرلىشىۋەردى.

ئېلى ئاخۇن مومايغا قايتا «سەۋەب» قىلدۇرۇش ئۈچۈن
مەھەللىدىكى «داڭلىق» داخان مۇسا موللىنى چاقىرتىپ
كېلىشكە ئەرمىيانى ئەۋەتتى. ئۇ بېرىپ ئەھۋالنى ئېيتىۋىـ
دى، داخان «ماقۇل» دېگىنىچە يىپتا چىرمالغان بىر دانە
لاتا قونچاق بىلەن چالا غاجىلانغان سۆڭەكنى ئەرمىيادىن

يوشۇرۇۋېراق يانچۇقىغا سالدى. بۇ سىرلىق ئىشتىن گۇماد-
لانغان ئەرمىيا داخاننىڭ ھەر بىر ھەرىكىتىگە دىققەت قىلىش-
قا باشلىدى. ئۇلار ئېلى ئاخۇننىڭ ئۆيىگە مېڭىشتى، داخان
يولدا ئەدەپ قىلدى. ئۆيىنىڭ ئالدىغا كەلگەندە، يەنە «ھاجەت
قىلىۋالاي» دەپ تامنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئەرمىيا:
«تېخى ھېلىلا ئەدەپ قىلغان ئىدىغۇ، بۇنىڭدا بىر گەپ بار
جۇمۇ»، دەپ ئويلاپ تېخىمۇ گۇمانلاندى ۋە يوغان بىر تۇپ
قىڭغىر تېرەكنىڭ دالدىسىدا تۇيدۇرماستىن داخاننى كۆزەت-
تى. داخان نەدە تەرەت قىلسۇن؟ ئۇ يانچۇقىدىن ھېلىقى
قونچاق بىلەن سۆڭەكنى ئېلىپ مېھمانخانا ئۆيىنىڭ ئۆگزىسى-
گە پەم بىلەن ئېتىۋەتتى. ئەرمىيا بۇ ئىشنىڭ تېگىگە يېتىش
ئۈچۈن ھېچنېمىنى بىلمەس قىياپەتكە كىرىۋالدى. داخان
ئۆيگە كىرىپ سالامدىن كېيىن ئېلى ئاخۇنغا:
— خوتۇنىڭىز ياغ پۇرىتىپ پوشكال سالسۇن، كېسەل
كىشى ئۇماچ ئىچمىسۇن، بىر ئاق، بىر قارا توخۇ ۋە بىر
ئوغلاق ئۆلتۈرۈپ قان قىلىڭ، ئۆپكىسىنى قېقىڭ، مەن
ئانىڭىزغا يەتتە كۈن سەۋەب قىلىمەن، — دەپ بۇيرۇدى ۋە
ئۆزى بىر قانچە تال شام يېقىپ، ئادراسماندا ئىسرىق سې-
لىپ، بىر نېمىلەرنى كۇسۇرلاپ، مومايغا «سۈپكۈچ» لە-
دى. ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆگزىدە «گۇرس» قىلغان
ئاۋاز، ئارقىدىنلا «قاراس - قۇرۇس»، «گاچۇر - گۇچۇر»
قىلغان ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇنىڭدىن گۇمانلانغان ئەرمىيا شوتى-
دىن چىقىپ قارىۋىدى، ئۆگزىدە قوشنىسىنىڭ چوڭ مۈشۈ-

كى ھېلىقى سۆڭەكنى غاجىلاۋاتاتتى، بىر ياندا ھېلىقى لاتا قونچاقمۇ تۇراتتى. مۇشۇك ئەرمىيانى كۆرۈپلا سۆڭەكنى چىشلىگىنىچە قېچىپ كەتتى. ئەرمىيامۇ ھېچ ئىشنى كۆرمىگەندەك قىياپەتتە ئۆيگە كىرگەندە داخان ھەدەپ ئۆيدىكىلەرگە:

— «گۇرس» قىلغىنى ئاسماندىن چۈشكەن دىۋە، ئۇ كېسەل كىشىنىڭ جېنىنى بىر قونچاقنىڭ ئىچىگە تىقىپ سېھىرلىك يىپ بىلەن چىرماپ قىيناۋاتىدۇ، «قاراس - قۇرۇس»، «غاچۇر - غۇچۇر» قىلغىنى كېسەلنىڭ ئۇستىخانلىرى، — دەپ شالىسىنى چېچىۋاتاتتى.

ئەرمىيانىڭ قاتتىق غەزىپى ئۆرلىگەن بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتىۋالدى. چۈنكى، ئۇ دادىسىنىڭ: «مېھماننى رەنجىتىپ قويدۇڭ» دەپ كايىشىدىن ئەندىشە قىلدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئۇنىڭ يەنە قانداق ئويۇنلىرىنىڭ بارلىقىنى بىلمەكچى بولدى. داخان بىر لېگەن پولۇنى گۆشى بىلەن سوقىۋەتكەندىن كېيىن ئىككى توخۇنىڭ گۆشىنى بىر توققۇز مەزە (تۆت ناننىڭ ئۇستىگە قويۇلغان بەش توقاچ) بىلەن خورجۇنغا سېلىپ «ئەتە كېلىمەن» دەپ قايتتى، ئەرمىيا شۇ چاغدىلا ئۆيدىكىلەرگە بولغان ئىشلارنى ئەينەن سۆزلەپ بەردى. ئوغلىنىڭ گېپىنىڭ ئاساسى بارلىقىغا ئىشەنگەن ئېلى ئاخۇن ئەتىسى داخان كەلگەندە:

— بۈگۈن دۇئا ئوقۇتالمايمەن، ئاخشام ئاسماندىن چۈشكەن دىۋىدىن قورقۇپ مەنمۇ كېسەل بولۇپ قالدىم، دەپ

داخاننى قايتۇرۇۋەتتى. ئەرمىيا بۇ ھەقتە:

مەن ئۆزۈممەن بىر داخان،
ئىيتقان گەپلىرىم يالغان.
قورققان يەردە جىن بار دەپ،
ئەلنى ئالداپ پۇل ئالغان.

لەقەت ـ لەقەت[1] ئەلىمىم،
كەلدى مۇسا كەلىمىم.
ئۇماچ بىلەن خۇشۇم يوق،
پولۇ بىلەن جىدىلىم.

دەپ قوشاق توقۇدى ھەم ئەل ئارىسىغا كەڭ تارقىتىپ، ئالدامچىلارنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى ئېچىپ تاشلىدى.

① قەۋەت ـ قەۋەت دېگەن مەنىدە.

# تىنىمسىز ئىنتىلىش

ئەرمىيا تولىمۇ ئىشچان ھەم تىرىشچان ئىدى. يېشى-
نىڭ كىچىكلىكىگە قارىماي بىر تەرەپتىن تىرىشىپ ئوقۇيت-
تى، يەنە بىر تەرەپتىن ئاتا - ئانىسىغا ياردەملىشىپ ئۆي
ئىشلىرىغا قارىشاتتى، مال - چارۋا باقاتتى. بىراق، ئۇ
قانداق ئىش قىلىشىدىن قەتئىينەزەر يېنىدىن كىتابنى ئايرى-
مايتتى. بوش ۋاقىت تاپسىلا پۈتۈن ئىشتىياقى بىلەن بېرى-
لىپ ئوقۇپ كېتەتتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ بارا - بارا شېئىرى-
يەتكە بەكلا قىزىقىپ قالدى. ئۇ بۇنى ئىلىم مەرىپەتلىك
بولۇشنىڭ، روھنى نۇرلاندۇرۇشنىڭ ۋاسىتىسى دەپ تونۇيت-
تى. ئۇ 12 ياشقا كىرە - كىرمەيلا پارس شائىرلىرىدىن
پەرىدوددىن ئەتتارى، خوجاھاپىز شىرازى، ئۇيغۇر كلاسسىك
ئەدەبىياتىدىكى نامايەندىلەردىن سوپى ئاللايار، ئەلىشىر ناۋا-
يى، شاھ مەشرەپ، خوجانەزەر ھۇۋەيدا قاتارلىقلارنىڭ شېئى-
رىي دىۋانلىرىنى راۋان ئوقۇيالايدىغان ھالەتكە يەتكەنىدى.
ئۇنىڭ مەلۇماتى ئۆز مەھەللىسىدە ھەممىدىن ئۈستۈن تۇرات-
تى. بۇنىڭدىن سۆيۈنگەن ئاتا - ئانىسى ئۇنىڭ تېخىمۇ چوڭ-
راق مەكتەپلەردە ئىلىم تەھسىل قىلىشىنى ئۈمىد قىلىپ،

1916 ـ يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى باي ناھىيە بازىرىدىكى ساۋۇت دامولالامنىڭ مەدرىسىسىگە ئوقۇشقا ئاپىرىپ بەردى. ئۇ كىشى ئەرمىيانى كىچىكىدىنلا تونۇغاچقا، ئۇنىڭغا ئۆز بالىسىدەك ئامراقلىق قىلاتتى. شۇڭا، ئۇ ئەرمىيانى كۆرۈپلا:

— كەل ئوغلۇم، ئوقۇ، ئىنسان بالىسىنىڭ باھاسى ئىلىم بىلەن دەپتىكەن، — دېدى ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ.

ئۇ بۇ يەردە تارىخ، پەلسەپە، مەنتىقە، ئەدەبىيات بىلىملىرىنى ئۆگىنىشكە كىرىشتى.

ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا يازغان «مەن ئەرمىيانىڭ تەرجىمىھالىم» دېگەن ئەسلىمىدە، شۇ چاغدىكى ئوقۇغۇچىلىق ھاياتى ھەققىدە مۇنداق خاتىرە قالدۇرغانىدى:

«...1918 ـ يىلى دادام ئۆلۈپ كەتتى. تۇرمۇشۇمدىن خەۋەر ئالىدىغان كىشى يوق. ئوقۇشتىن ئايرىلىش ۋاقتىدا ئانام كېلىپ ساۋۇت دامولام بىلەن سۆزلىشىپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىمنى ئانام قىلىپ بېرىدىغانغا، يېمەك ـ ئىچمەكمنى دامولام بېرىدىغانغا، دامولامنىڭ ئۆيىدە ئىشلەپ يۈرۈپ ئوقۇيدىغانغا توختام قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن دامولامنىڭ ئۆيىدە باشقا يىللىقچىلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلىدىم. ئۇلار بىلەن ياتىقىم، تامىقىم بىر بولدى. ئوقۇشقا ۋاقىت تاپسام ئوقۇدۇم، بولمىسا يوق. دامولامنىڭ خوتۇنى يامان بىر خوتۇن بولۇپ، ئۇرمايدىغان كۈنى يوق ئىدى. ناھايىتى

ئېغىر تۇرمۇشتا قالدىم. قورساققا ۋاقتىدا تويغۇدەك بىر نەرسە يېيەلمەيتتىم. شۇنداق قىلىپ 1922 ـ يىلىغىچە شۇ يەردە بولدۇم. يېشىم بىر ئاز چوڭايغانچە بۇ ئەھۋال بەك ئېغىر كەلدى. شۇنىڭ بىلەن 18 يېشىمدا بۇ يەردىن ئايرىلىپ ياقىئېرىققا كەلدىم. ئۇ يەردە مەمتىمىن ئەلەمنىڭ مەدرىسىسىدە بىر ئاي ئوقۇدۇم. شۇ چاغدا ئاكام بېرىپ قايتۇرۇپ كېلىپ سايرامغا — نۇرۇللا مۇپتى ئاخۇنۇمنىڭ قېشىغا ئاپىرىپ قويدى. بىر تەرەپتىن ئوقۇپ يەنە بىر تەرەپتىن ئۇششاق باللارنى ئوقۇتتۇم، شۇنداق قىلىپ سايرامدا ئىككى يىل تۇردۇم…»

ئېنىقكى، ئەرمىيانىڭ ئوقۇش قىزغىنلىقى ناھايىتى يۇقىرى بولسىمۇ، شارائىت بەكلا ناچار ئىدى. بولۇپمۇ، ساۋۇت داموللام ياڭ زېڭشىنىڭ ئەلنى نادانلىقتا قالدۇرۇش سىياسىتىنىڭ قۇربانى سۈپىتىدە تۇرمىگە قامالغاندىن كېيىن، ئەرمىيا ئايال خوجايىنىنىڭ بەكلا قاتتىق زۇلمىغا ئۇچرىدى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆگىنىشتە تىرىشچان، قەتئىي ئىرادىلىك ئىدى. كۆپ نەرسىلەرگە ھەۋەس قىلاتتى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، ئۇ شۇ مەزگىلدە كۆپ قېتىم تەجرىبە قىلىش ئارقىلىق مىلتىق دورىسى ياسىغان. سىناق جەريانىدا ئېھتىياتسىزلىقتىن پارتلاش يۈز بېرىپ ئۇنى بىر نەچچە مېتىر يەرگە ئۇچۇرىۋەتكەن، يۈزلىرى كۆيۈپ، كىيىملىرى تىتىلىپ كەتكەن، يارىسى ساقايمىغاچقا، بىر نەچچە ھەپتىگىچە سىرتقا چىقالمىغانىدى.

يېشىنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ ئەرمىيانىڭ مىجەز ـ خاراكتېرى ئەنە شۇنداق قورقۇمسىز، يۇمۇرلۇق تۈس ئېلىشقا باشلىدى. بولۇپمۇ، ئۇ سايرامدا نۇرۇللا مۇپتىنىڭ مەدرىسىسىدە بىر تەرەپتىن ئوقۇپ، بىر تەرەپتىن باللارغا دەرس ئۆتكەندە، بۇ خىل ھالەت گەۋدىلىك ئىپادىلەندى. ئۇ باللارغا تولىمۇ ئامراق ئىدى، ئۇلار بىلەن بىر يەرگە كەلدىمۇ بولدى، يېشىنىمۇ ئۇنتۇپ ئۇلارغا قوشۇلۇپ ئويناپ كېتەتتى. چۆچەك ئېيتىپ، شېئىر دېكلاماتسىيە قىلىپ بېرەتتى. گاھىدا قاچانلاردىدۇر ئۆگىنىۋالغان سېھىرگەرلىك ھۈنىرى بىلەن ئويۇن كۆرسىتىپ، ئۇلارنى كۈلدۈرۈپ تېلىقتۇرۇۋېتەتتى.

بىر كۈنى نۇرۇللا مۇپتىنىڭ قۇشناچىمى ئەرمىيانى بازاردىن تاۋۇز ئەكېلىشكە بۇيرۇدى. ئۇ تاۋۇزنى ئېلىپ كىرگەندە، قۇشناچىم ئالماقچى بولۇپ قولىنى تەڭلىدى. ئەرمىيا: «ھايت» دەپ تاۋۇزنى ئاسمانغا ئاتتى. ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرى شۇنداق چاققان ئىدىكى، قۇشناچىم قولىنى ئۇزارتسا، تاۋۇز ئېگىزلەپ كېتەتتى، قولىنى چۈشۈرسە، پەسلەيتتى. قۇشناچىم بىر تەرەپتىن كۈلۈپ بىر تەرەپتىن تېرىكىپ:

— ھېلى بىكار ئۇستازىڭغا دەيمەن، — دېدى. ئەرمىيا:

— جېنىم قۇشناچىم، ئاخۇنۇمغا دېمىسىلە، — دېگىنىچە قىزىقارلىق ھەرىكەت بىلەن تاۋۇزنى قۇشناچىمنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى. بۇ بىر قويۇق رىۋايەت تۈسىنى

ئالغان ھېكايە بولسىمۇ، ئەرمىيانىڭ تىنىم تاپمايدىغان خا-
راكتېرىنى مەلۇم دەرىجىدە ئىپادىلەپ بېرەلەيدۇ.

ئەرمىيا يەنە نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى. قىلغانلا ئىشى-
دىن نەتىجە چىقارماي قويمىدى. ياغاچ تاختايغا قەستە ئو-
يۇپ، بىر قانچە قېتىم سىناق قىلىپ بېسىپ ئاخىر نەتىجە
قازاندى ھەم بىر نەچچە خىل بېسىپ چىقىرىپ ساتتى.

شۇ چاغلاردا، ئۇ قەمبەرنىسا ئىسىملىك چىرايلىق بىر
قىز بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇلار بارا - بارا بىر - بىرىنى
ياخشى كۆرۈشۈپ، ئاشىق - مەشۇقلارغا ئايلاندى. بىراق،
قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى ئەرمىيا ئېلىنىڭ ئائىلىسىنى نامرات
كۆرۈپ، قىزىنى باشقا بىر ھاللىق ئائىلىگە مەجبۇرىي ياتلىق
قىلدى. نامراتلىق ئۇنى گۈزەل ئارزۇ - تىلەكلىرىگە يەتكۈز-
مىدى... ئۇ بۇنىڭدىن قاتتىق ئازابلانغان، ھەسرەت چەككەن
بولسىمۇ، چۈشكۈنلىشىپ كەتمىدى. ۋۇجۇدىدىن ئۇرغۇپ
تۇرغان مەنىۋى كۈچ جۇدالىقنىڭ زەربىسىدىن غالىب كەل-
دى. ئۇ تېخىمۇ تىرىشىشقا، توم - توم كىتابلار ئارىسىغا
چۆكۈپ، ئۇنى بىرمۇ بىر تەتقىق قىلىشقا باشلىدى. بىر
قېتىم ئۇ پۇرقەت ئەسەرلىرىنى كۆرۈۋېتىپ «بىلىم خاسىيە-
تى» دېگەن شېئىرنى ئوقۇپ قاتتىق تەسىرلەندى. شۇ يىللى-
رى ئۇ ئۆزىنىڭ خەلق قوشاقلىرى شەكلىدە يازغان شېئىر-
لىرىدىن «بازار ۋە مازار» ناملىق توپلامنى تۈزۈپ ئەل
ئىچىگە تارقىتىپ، ئىجتىمائىي تەڭسىزلىك، مىللىي زۇلۇم
ۋە نىكاھ ئەركىنلىكىنى بوغىدىغان رەزىل ئىللەتلەرنى قام-
چىلىدى.

# كۆچادىكى كۆنلەر

باينىڭ مەنىۋى مۇھىتى بارا - بارا ئەرمىيانىڭ ئىزدى-
نىش ھەم ئىنتىلىشلىرىگە دېگەندەك توغرا كەلمەي قالدى.
ئۇ تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە، تاشقى دۇنيانى
كۆپرەك كۆرۈشكە تەشنا ئىدى. بىراق، ئۇ چاغلاردا قاتناش
تولىمۇ قۇلايسىز بولغاچقا، يىراقلارغا ئاتلىنىپ يۇرت كې-
زىش بەسي مۇشكۇل ئىش ئىدى. شۇنداقتىمۇ بۇ قىيىنچى-
لىقلار ئەرمىيانىڭ ئىلىم ئىگىلەشتىكى مۇستەھكەم ئىرادى-
سىنى تەۋرىتەلمىدى. 1925 - يىلى ئۇ ئانىسى ۋە ئاكا -
ئىنىلىرى بىلەن خوشلىشىپ كۆچاغا كەلدى. كۆچا شۇ چاغ-
لاردا قەشقەردىن قالسىلا جەنۇبىي شىنجاڭدىكى مەدەنىيەت
مەركەزلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ كېلىپلا بىر قىش ئىبراھىم
قۇززات ئىسىملىك كىشىنىڭ مەدرىسىسىدە ئوقۇدى. يازلى-
قى ئىسلام باينىڭ، كېيىن ئەھمەت ھاجى دېگەن كىشىنىڭ
زاۋۇتىدا يۇڭ ئىلغاش، يۇيۇش ئىشلىرىنى قىلدى. بۇنىڭ
بىلەن ئاز - تولا پۇل تاپقاندىن كېيىن مۇسايۇپ داموللامنىڭ
مەدرىسىسىگە ئورۇنلاشتى.

موسايۇپ داموللا باي ناھىيىسىدىكى ساۋۇت داموللام-

نىڭ ساۋاقدىشى بولۇپ، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بىرى ئىدى. ئۇ جەنۇبىي شىنـ- جاڭدا خېلى نام قازانغان، ئاچقان مەدرىسىسىنىڭمۇ ئىناۋىتى يۇقىرى ئىدى. ئەرمىيا بۇ يەردە داۋاملىق ئىلىم تەھسىل قىلىپ بىلىمىنى چوڭقۇرلاشتۇردى. گاھىدا دەرسمۇ ئۆتتى.

شۇ مەزگىلدە ئۇ بايىز قازى ئىسىملىك شائىر كىشى بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇ ئەرمىيانىڭ شېئىرىيەتتىكى ئىسـ- تېداتىنى بىلگەندىن كېيىن ئالاھىدە ھۆرمىتىنى قىلدى. پات - پات ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلاتتى. ئۇلار تەڭ دېمەتلىك بولغاچقا، بارا - بارا ئىچەكىشىپ يېقىن دوستلار- دىن بولۇپ قالدى. بىر كۈنى بايىز قازى:

— بىزنىڭ ئۆيگىلا كۆچۈپ كەلگىنە ئەرمىيا، مەدرىسـ- نىڭ ئوپچە ياتىقىدا قىينىلىپ قالغانسەن ھەقىچان، — دېدى سەممىيلىك بىلەن.

ئەرمىيانىڭ كىچىلىرى ئۇزۇنغىچە ئۇخلىماي كىتابلار- نى ۋاراقلاپ بىر نېمىلەرنى يازمىسا ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان ئادىتى بار ئىدى. شۇ سەۋەبتىنمۇ باشقا ساۋاقداشلىرىنىڭ ئۇيقۇسىغا تەسىر يەتكۈزۈپ قويۇشتىن خالىي بولالمايتتى. ئۇ بايىز قازىنىڭ ئۆزىنى چۈشەنگەنلىكىگە ھەيران قالدى ھەم چىن كۆڭلىدىن ئاپىرىن ئوقۇدى. شۇڭا، ئۇنىڭ تەكلىپىنى ئوچۇق- يورۇقلۇق بىلەن قوبۇل قىلدى. شۇ كۈنىلا نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئۇنىڭ ھويلىسىدىكى بىر بوش ئۆيىگە كۆچۈپ كەلدى. مانا ئەمدى ئۇنىڭغا ياخشى

ئۆگىنىش، ئىجاد قىلىش شارائىتى يارىتىلغانىدى. بايىز قازى دوستىنىڭ ئۆيىدىكى چىراغىنىڭ تۈن تەڭگىچە يېنىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا تېخىمۇ قايىل بولاتتى، كۆيۈنەتتى. ئۇلار دائىم ناۋايىنىڭ «خەمسە»، «قۇۋۋەتىل قولۇب» دېگەن كىتابلىرى ھەققىدە مۇتالىئە قىلىشاتتى. شېئىرىيەت ھەققىدە پىكىر ئالماشتۇراتتى، يازغان شېئىرلىرىنى دېكلاماتسىيە قىلىپ ئوقۇشاتتى. بايىز قازى ئەرمىيانىڭ سۆزلىرىنى ئاڭلىغانسېرى ئۇنىڭغا بولغان ئىخلاسى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتى.

رامىزان ئېيىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىدى، ئۇلار ئىپتىدادىن كېيىن تازا قىزغىن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى. ئەرمىيانىڭ بىر يۇرتداش ساۋاقدىشى غەمكىن ھالدا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن قاتتىق ئازار يېگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى. ئەرمىيا ئۇنى ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى. ئاندىن:

— نېمە بولدۇڭ؟ شۇمشىيىپلا كېتىپسەنغۇ ھوي؟ مىجەزىڭ يوقمۇ، يا؟ — دېدى كۆيۈنۈپ. ئۇنىڭ بۇ ساۋاقدىشى ئاتا - ئانىسىدىن كىچىكلا يېتىم قالغان بولۇپ، ھال - كۈنى بەكلا ناچار ئىدى. شۇڭا، ئەرمىيا ئۇنىڭغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلاتتى. ئۇمۇ بىرەر ئىشقا دۇچ كەلسىلا ئەرمىيانى ئىزدەپ، ئۇنىڭ مەسلىھەتى بىلەن ئىش قىلاتتى.

— ھەي، بىزدە ئاجايىپ مۇسۇلمانلار بار ئىكەن جۇمۇ، ئەرمىيا، — دېدى ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

ئەرمىيا بايىز قازىغا لاپپىدە قارىۋەتكەندىن كېيىن نەزى-

ـرىنى ساۋاقدىشىغا ئاغدۇرۇپ:

— بىرسى ئانىي تاپقان ئوخشىمامدۇ، ئېيتە، نېمە ئىش بولدى؟ — دېدى تاقەتسىزلىنىپ.

ساۋاقدىشى ئالدىرىماي سۆزلەشكە باشلىدى:

— ھېلى ياتاقتا تۇرسام ساۋاقداشلاردىن بىر نەچچىسى: «ۋاي سېلىم باي زاكات تارقىتىپتۇ، سەنمۇ بېرىپ باقمامسەن؟» دېيىشتى. سەنمۇ بىلىسەن ئەرمىيا، ئۆشرە - زاكات دېگەن بىزدەك غېرىب، نامراتلارنى كۆزدە تۇتقان ئادەت خاراكتېرلىك پائالىيەت...

— شۇنىڭ بىلەن سېلىم باينىڭكىگە باردىم دېگىن؟ — دېدى ئەرمىيا ئىشىنىڭ تەكتىنى پەملەپ.

— ھەئە، بىراق كېلىشىمگىلا ئۇ قوپاللىق بىلەن: «ھە نېمىگە كەلدىڭ؟» دېدى. «سىلىنى زاكات تارقىتىپتۇ، دەپ ئاڭلاپ كېلىۋىدىم» دېسەم، ئۇ يەنە شۇنداق كۆرەڭ قىياپەتتە، «ھە تالىپچاق، بالدۇرراق كەلمەپسەن، بېرىدىغىنىم تۈگىدى، كېلەر يىلى كەل، ھە!» دەپلا دەرۋازىنى جالاقىدە يېپىپ كىرىپ كەتتى. كېيىن ئۇقسام، باشقىلارغىمۇ شۇنداق قىلىپتۇ. ئۇنىڭ قىلىقلىرىدىن تولىمۇ خورلۇق ھېس قىلدىم، ئەرمىيا!

— غېرىب - غۇرۋالار ياردەم قىلىش مەقسىتىدىكى ئۆشرە - زاكاتنى ئۆزىنى كۆز - كۆز قىلىشنىڭ ۋاستىسى قىلىۋاپتۇ - دە، ئۇ توخۇ پوقى، — دېدى بايىز قازى ئاچچىقلىنىپ.

— ئۆزۈڭلارنى بىسۇپلىڭلار، — دېدى ئەرمىيا تەم-كىنلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، — ئالدىرىماڭلار، ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ دەپتىكەن، - ئۇ سالماق كۆرۈنسىمۇ كۆزلىرىدىن غەزەپ ئوتلىرى ئۇچقۇندايتتى. ئۇ بىرەر ناھەق ئىشقا دۇچ كەلسىلا، ئەنە شۇنداق ھالەتكە كېلەتتى.

ئەرمىيا شىرە ئۇستىدىكى قەغەزگە شىرت - شىرت قىلىپ بىر نەرسىلەرنى يېزىشقا كىرىشتى. شۇ تاپتا ئۇ ھەممىنى ئۇنتۇپ كەتكەندەك قىلاتتى. بايىز قازى نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ، ھېلىقى يىگىتنى تىۋىش چىقارماس-لىققا ئىشارەت قىلدى. بىر پەستىن كېيىن ئەرمىيا يازغان-لىرىنى ئوقۇپ بېرىۋىدى، ئىككىيلەن ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالال-ماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. ئەسلىدە ئۇ سېلىم باينى ھەجۋىي قامچا ئاستىغا ئالغان بىر ساتىرا يازغانىدى.

— يارايسەن جومۇ، ئەرمىيا، تازا جايىغا تەگكۈزۈپ-سەن، — دېدى ھېلىقى ساۋاقدىشى دەردى چىققاندەك خۇشال بولۇپ.

ئۇزاق ئۆتمەي بۇ شېئىر ئەل ئارىسىغا كەڭ تارقىلىپ، كۆرەڭ باينى باش كۆتۈرۈپ يۈرگۈسىز قىلىۋەتتى.

# قەشقەرگە سەپەر

ئۇلۇغ غايە يولىدا ئىزدىنىۋاتقان كىشىلەرنىڭ قەلبىدە هامان بىر ئوت يېلىنجاپ تۇرىدۇ. ئەرمىيانىڭ قەلبىدە ئىد-لىمگە بولغان تەشنالىق خۇددى ئاشۇ ئوتتەك يېلىنجاپ، ئۇنىڭدىن تارالغان نۇرلار گاھ بۇژغۇنلارنى چاچرىتىپ دول-قۇنلاپ تۇرغان دەرد ئۇستىدە، گاھ كۆز يەتكۈسىز ئاق چوققىلاردا پەرۋاز قىلاتتى...

1928 ـ يىلى ئۇ ئۆمەر ئىسىملىك شايارلىق ساۋاقدىشى بىلەن بايغا قاراپ يولغا چىقتى. شۇ تاپتا ئۇلار تېخىمۇ چوڭ بىر سەپەرنىڭ — قەشقەرگە بېرىپ داۋاملىق ئوقۇشنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتاتتى. چۈنكى، قەشقەر شۇ چاغلاردا دىن ۋە ئىلىم ئىگىلەشنىڭ مەركىزى هېسابلىناتتى.

ئۇلار 100 نەچچە كىلومېتىر يولنى پىيادە يۈرۈپ، تېزەككاغۇغا كەلدى. بوي تارتىپ چوپچوڭلا يىگىت بولۇپ قالغان ئوغلىنى كۆرۈپ بىچارە ئانىنىڭ خۇشاللىقتىن بېشى پەلەككە يەتتى:

— خويمۇ سېغىندۇردۇڭلارغۇ بالىلىرىم!

دادىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆينىڭ پۈتكۈل يۈكى-

نى زىممىسىگە ئېلىپ، خېلىلا ھارغىنلىق يېتىپ قالغان
ئانىسىنى كۆرۈپ ئەرمىيانىڭ يۈرىكى ئېچىشتى. بىراق،
ساۋاقدىشى ئۆمەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۇتىۋېلىشقا تىرىشىپ:

— بىزنى سېغىنىمىدى دەملا ئانا، — دېدى ئانىسىغا مۇھەببەت بىلەن تىكىلىپ. ئاندىن سەل نېرىدا يېتىرقىغىنىد-
چە قاراپ تۇرغان 9 ـ 10 ياشلاردىكى ئىنىسى قادىرغا قۇچاق ئېچىپ:

— كەل ئىنىم، مېنى سۆيۈپ قوي، — دېدى. شۇ تاپتا ئۇنىڭ قەلبىدە: «جېنىم ئۇكام، دادامدىن ئايرىلغاندا بەكلا كىچىك ئىدىڭ، ئوقۇيمەن دەپ سىرتلاردا يۈرۈپ ھالىڭدىن خەۋەر ئالالمىدىم، ئاكىلىق بۇرچۇمنى ياخشى ئادا قىلالمى-
دىم، مېنى كەچۈر» دېگەن نىدالار چۇقان كۆتۈرمەكتە ئى-
دى. كىچىككىنە قادىر ئانىسىغا بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن ئوقتەك ئېتىلىپ كېلىپ ئاكىسىنى مەھكەم قۇچاقلىدى، ئەتراپتا تۇرغان ھەممەيلەننىڭ كۆز چاناقلىرىدا مەرۋايىتتەك ياش يالتىرايتتى…

ئەرمىيا يۇرتىدا بىر مەزگىل تۇرۇپ، ئانىسى ۋە قېرىند-
اشلىرى بىلەن قانغۇچە ھال ـ مۇڭ بولدى، ئۆتكەن ـ كەچكەن ئىشلارنى سۆزلەشتى. ساۋاقدىشى ئۆمەرگە بالىلىق ئىزلىرى قالغان جايلارنى كۆرسەتتى. ئەرمىيانىڭ قەشقەرگە بېرىپ داۋاملىق ئوقۇش پىلانىدىن خەۋەر تاپقان ئانا بىر پەس مۇڭلىنىپ جىمىپ كەتتى. ئاندىن ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ:

— يېشىڭمۇ خېلى چوڭىيىپ قالدى بالام، ئۆيلۈك ـ

ئوچاقلىق قىلىپ پەرھىزنى ئادا قىلىۋەتسەم، رەھمەتلىك داداڭنىڭ روھىمۇ ئەمىن تېپىپ قالاتتى، — دېدى.

— كۆڭۈللىرىنى چۈشىنىمەن ئانا، بىراق ئوقۇغانسېرى چالىلىقىمنى ھېس قىلىۋاتىمەن، ئۇ ئىشلارنى قەشقەردىكى ئوقۇشنى تۈگىتىپ ئاندىن ئويلاشساقمىكىن؟ — دېدى ئەرمىيا ئۆتۈنۈش تەلەپپۇزىدا.

ئانا ئوغلىنىڭ كۆزلىرىدىكى قەتئىيەت ئۇچقۇنلىرىنى كۆرۈپ:

— بوپتۇ، بارغىن بالام، كىچىككىڭدىنلا مۇشۇ يولغا كىردىڭ، ۋايىغا يەتكۈچە ئوقۇغىن، مۇھەممەد پەيغەمبىرىمىز: «ئىلىم يىراق چىندا بولسىمۇ بېرىپ ئۆگەنمەك ۋاجىپ» دەپتىكەن، — دېدى رازىلىق بىلدۈرۈپ.

ئەرمىيا ئائىلىسىدىكىلەر بىلەن قىيىمغان ھالدا ئايرىلىپ سايرامغا، ئاندىن باي ناھىيە بازىرىغا كەلدى. ئىلگىرىدىكى ئۇستازلىرى، دوست - بۇرادەرلىرى بىلەن بىرمۇ بىر كۆرۈشۈپ خوشلاشتى. تېزلىكتە كۇچاغا قايتىپ كېلىپ سەپەرنىڭ زۆرۈر تەييارلىقلىرىغا كىرىشتى.

1929 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئەرمىيا ۋە ئۆمەر چىققان يارىيا ھارۋا كۇچادىن قەشقەرگە قاراپ قوزغالدى. بايىز قازى قاتارلىق دوست - ساۋاقداشلىرى ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى.

يارىيا ھارۋىنىڭ يوغان ياغاچ چاقلىرى بىر خىل رىتىمدا غىچىرلايتتى... ئۇلار گويا ئۇزۇنغا سوزۇلغان كۆيۈك

تاغلارنىڭ، ئۆركەشلەپ تۇرغان قوم بارخانلىرىنىڭ بىر قىس-
مىدەك تەبىئەت بىلەن سىردىشىپ، چۆلنىڭ تومۇز ئىسسىق-
لىرى، بوران - چاپقۇن، مۆلدۈر - يېغىنلىرى بىلەن
چاقچاقلىشىپ، گاھ كۈلكە - چاقچاق، ناخشىلار بىلەن؛
گاھ يۇلتۇزلارنى نۇرلاندۇرغۇدەك چوڭقۇر ھېكمەتلىك سۆھ-
بەتلەر بىلەن سەپەرنى داۋام قىلدى، توپتوغرا 36 كۈندە
قەشقەرگە يېتىپ كېلىشتى.

ئۇلارنى ئىككى - ئۈچ يىل ئاۋۋال قەشقەرگە كېلىپ
ئوقۇۋاتقان يۇرتدىشى رەھمىتۇللا يۈسۈپ كۈتۈۋالدى. بۇ ياز-
لىق تەتىل مەزگىللىرى بولۇپ، مەدرىسىلەردە تالىپلار يوق
دېيەرلىك ئىدى. يۇرتدىشى ئۇلارنى شەھەرگە خېلى يېقىن
ھۆسەن پەيزۇللا غوجام مازىرى دېگەن جايغا باشلاپ كەلدى.
بۇ يەرنىڭ ھاۋاسى سالقىن بولۇپ، تومۇز ئىسسىقتا جانغا
خۇيمۇ راھەت بەخش ئېتەتتى. ئۇلار تەتىل توشقۇچە سەپەر
ھاردۇقىنى چىقىرىپ شۇ يەردە تۇردى. تەتىل توشقاندىن
كېيىن ئۇلار شەھەرگە قايتىپ كېلىشتى. رەھمىتۇللا يۈ-
سۈپ ئەرمىيانى ئۆزى ئورۇنلاشقان لايىپەشتاق مەدرىسىگە
ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ئۇ بۇ يەردە ئىككى يىل ئوقۇپ
ئىبراھىم ھاجى ئىسىملىك ئۆلىمادىن تەلىم ئالدى. ئاندىن
مەشھۇر خانلىق مەدرىسىگە قوبۇل قىلىنىپ، شەمشىدىن
داموللا ھاجىم قاتارلىق ئۇستازلىرىنىڭ دەرسىنى ئاڭلىدى،
بۇ جەرياندا ئۇ ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، ئەرەب، پارس
تىلى ۋە ئەدەبىياتىنى سىستېمىلىق ئۆگەنگەندىن تاشقىرى،

پەلسەپە، تارىخ، لوگىكا قاتارلىق پەنلەرنىمۇ تىرىشىپ ئۆزلەشتۈردى. ئۇ ئۆگەنگەنسېرى جىمىغۇرلىشىپ خىيالچان بولۇپ كېتىۋاتاتتى. كېچىلىرى خېلى ئۇزۇنغىچە ئۇخلىماي ئۆزىنى ئويلىنىشقا مەجبۇرلاۋاتقان سوئاللارغا جاۋاب ئىزدەيتتى، تەپەككۇر يۇرگۇزەتتى. دەم ئېلىش كۈنلىرى ئەزدزانە قەشقەرنىڭ ئادەم مىغىلداپ تۇرىدىغان ئاۋات بازارلىرىنى ئارىلاپ تۇرمۇشنى، جەمئىيەتنى كۆزىتەتتى. قەلبى بىلەن رېئاللىقنىڭ ئۆزئارا چېقىلىشىدىن يانغان ئىلھام ئۇچقۇنلىرىنى قاچۇرىۋەتمەي ئۇنى سۆز دۇردانىلىرى بىلەن بېزەكلەنگەن لىرىك مىسرالارغا ئايلاندۇراتتى. ئۇ نۇرغۇن جاپا ۋە قىيىنچىلىقلار ئالدىدا قەددىنى تىك تۇتۇپ مەغرۇر ياشاۋاتقان بولسىمۇ، يۇرتى، قېرىنداشلىرى پات - پاتلا ئۆزئالدىغا كېلىۋېلىپ، ئۇنى گۈزەل ئەسلىمە ۋە ھەسرەت دېڭىزىغا غەرق قىلاتتى. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ يۇرتى ۋە ئانىسىغا بولغان چوڭقۇر سېغىنىش ئۇنىڭ قەلبىدە كۈچلۈك يانغىنغا ئايلاندى. ئۇنىڭ شۇ مەزگىللەردە يازغان «يۇرتۇمغا خەت»، «ئۆيگە خەت» دېگەن شېئىرلىرىدا، بۇ خىل ھېسسىيات تولىمۇ يارقىن ئەكس ئەتكەندى. «يۇرتۇمغا خەت» ناملىق شېئىر مۇنداق يېزىلغان:

مىڭ پىغان، يۈزمىڭ پىغان، بېشىمغا چۈشتى ئىپتىراق،[1]

---

① ئىپتىراق - جۇدالىق، ئايرىلىش.

ئولتۇرۇپ قان يىغلىسام بولماس يېتىپ، يول كۆپ يىراق،
كۆيدۈرۈپ كۆل قىلدى جانۇ تېنىمنى ئوتلۇق پىراق،
ئەمدى پۇرقەت ئوتىغا كۆيمەككە تاقەت بولدى تاق.

ھەددىدىن ئاشتى سېغىنماق، جاندىن ئۆتتى ئىشتىياق،
خانۇ ماندىن ئاجرىغاننىڭ تەلىپى بولمايدۇ ساق،
ئىككى كۆزنىڭ چەشمىسىدىن ئاقار ھامانۇ قان بۇلاق،
كۆزگە زىنداندەك كۆرۈنەر گۇل - چىمەندە سايرىماق.

ھەركىشى ئايرىلمىسۇن، ئەۋلادىدىن - ئەلدىن يىراق،
جۇپتى قىل يارەب مۇسەللىم، ھەرگىزمۇ قىلما زادى تاق،
«ئاھ! ...» دېدىم مەن دوستلىرىم، چۇشتى بېشىمغا ئوت - پىراق،
ئەل پىراقۇ، ئەل پىراقۇ، ئەل پىراقۇ، ئەل پىراق.
1929 - يىلى مىلادىيە

«ئۆيگە خەت» ناملىق شېئىر مۇنداق يېزىلغان:

ھەي ئاتام بىرلەن ئانام، ئەھۋالىمىز بولدى خاراب،
كەلسە بايدىن ئەگەر، «كەلدى!» دەپ قولغا قاراپ؟
نە سەۋەب خەت يازمىدىڭلار يا كۆڭۈل ئاغرىقمىدۇر؟!
ياكى قەقەز ئالمىدىڭلار سەككىز - ئون پۇلنى ئاياپ!

نە ئۈچۈن خەت يازمىدىڭلار يا كۆڭۈل ئەنسىزمىدۇر؟!

ئەۋەتسىلە بولماسمىدى بىر پارچە خەت ھالىم سوراپ،
ياكى مەندەك پەرزەنتلىرىنى ئۇنتۇپمۇ قالدىلىمۇ؟!
نە سەۋەبتىن خەت يازالماي چالدىلا غەمدىن راۋاپ؟!

1929 ـ يىلى، قەشقەر

# ياش مۇنازىرىچى

1930 - يىللاردىكى قەشقەردە شۋېد ۋە ئىنگلىز كونسۇللىرى جىڭ شۇرېن ھاكىمىيىتىنىڭ چىرىكلىكىدىن پايدىلىنىپ، خرىستىئان دىنىنىڭ «بۇفمانىزم» مەزھىپىنى تەرغىب قىلىشىۋاتاتتى. قەشقەرنىڭ ئالىملىرى، زىيالىيلىرى، ۋەتەنپەرۋەر زاتلىرى بۇ ئىشتىن ئىنتايىن غەزەپلەنگەن بولسىمۇ، ئوچۇق - ئاشكارا ئوتتۇرىغا چىقىپ قارشىلىق كۆرسىتىشتىن ئەيمىنەتتى. بۇ ھادىسىدىن خەۋەر تاپقان ئەرمىيا ئېلى «خانلىق مەدرىسە»نىڭ تالىپلىرىنى تەشكىللەپ نامايىشقا چىقتى. ئۇلار ئىنگلىز كونسۇلخانىسى ۋە شۋېد دوختۇرخانىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، دىن تارقاتقۇچىلارنىڭ پائالىيىتىنى توسۇش ھەققىدە ئۆزلىرىنىڭ ھەققانىي تەلەپلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغاندا، قەشقەر خەلقى تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ بۇلارغا كۈچلۈك مەدەت بەردى. نامايىش 3 - قېتىمغا بارغاندا، بۇ ئىككى كونسۇلدىكىلەر ئۆزلىرىنىڭ شەرمەندە بولۇشىدىن قورقۇپ، بۇ ئىشنى يىغىشتۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. شۇنىڭ بىلەن ئەرمىيانىڭ نامى كەڭ جامائەتچىلىككە تونۇلۇشقا باشلىدى. «مەن ئەرمىيانىڭ تەرجىمھالىم»دا،

شۇ تارىخقا ئائىت ۋەقەلەر مۇنداق بايان قىلىنغان:

«... يېڭى بارغان يىلىنىڭ قىشلىقى رەھمىتۇللا يۇسۇپ ۋە باشقا تالىپلاردىن قەشقەردە چەتتىن كەلگەن شۋېد دېگەن ئادەملەر بولۇپ، ئۇلار بىر تەرەپتىن دوختۇرلۇق قىلىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن خرىستىئان دىنىنى تارقىتىدۇ. دوختۇرخانىسىغا كېسەل كۆرسىتىشكە بارغانلارغا ئالدى بىلەن بىردىن بەش ـ ئالتە ۋاراق كېلىدىغان كىتاب تارقىتىدۇ. ئۇنىڭدا خرىستىئان دىنى تەرغىب قىلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن بەزى ئادەملەر ئۇ كىتابنى تۇتمايدۇ. ئۇلار بۇنداق ئادەملەرگە دورا بەرمەيدۇ. يەنە ھەر يەكشەنبە كۈنى ئۆزىنىڭ ئىبادەتخانىسىدا خرىستىئان دىنىنى تەشۋىق قىلىدۇ. ھەركىم كىرىپ ئاڭلىسا ئۇنى توسمايدۇ، دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىدىم. يەنە، مەدرىسىلەردىكى تالىپلاردىن بىرىپ قالسا، بەزى چاغلاردا ئۇلارغا تۈرلۈك سوئاللارنى قويۇپ مۇنازىرىلىشىدۇ. مۇنازىرىدە تالىپلارنى يېڭىپ قويسا، چاۋاك چېلىشىپ خۇشال بولۇشۇپ كېتىدۇ. توقۇم مەدرىسىدىكى خوتەنلىك ئابدۇللا ئاخۇن دېگەن تالىپ ھەرقاچان شۇ يەردىن بەزى دورىلارنى ئەكېلىپ ئىشلىتىپ يۈرىدىكەن. بىر قېتىم دورىغا بارغاندا ئۇنىڭغا سوئال قويۇپ: «بىر ئادەم بىر ئاچا يولغا كېلىپ قايسى يولغا كىرىشنى بىلمەي تۇرۇپ قاپتۇ. قارىسا ئۇ يەردە بىر ئۇخلاپ قالغان ئادەم، يەنە بىر ئويغاق ئادەم بار ئىكەن. ھېلىقى يولۇچى بۇ ئىككى ئادەمنىڭ قايسىسىدىن يول سورىشى كېرەك؟» دەپتۇ. ئابدۇللا ئاخۇن جاۋابنى مۇنداق بې-

ربپتو: «ئاچا يولنىڭ بېشىدا ئويغاق تۇرغان ئادەم ئۆزى
ماڭىدىغان يولنى سوراش ئۈچۈن ئۇيقۇدىكى ئادەمنىڭ ئويغى-
نىشىنى كۈتۈپ تۇرغان. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ئىككىلىسى
ئۇخلاۋاتقان ئادەم ئويغانغۇچە كۈتۈپ تۇرۇشى كېرەك» . بۇ
جاۋابنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۇلار يىغىلغەنلىكى ئۈچۈن ئۇنى
دورا يوق دەپ دورا بەرمەي قايتۇرۇۋېتىپتۇ. شۇنىڭدىن
بۇيان ئابدۇللا ئاخۇن ئۇ يەرگە دورىغا بارمايدىغان بولدى،
دېگەن گەپنى ئاڭلىدىم. شۇندلار بۇ سوئال - جاۋابتىكى
‹ئويغاق›، ‹ئۇيقۇدا› دېگەن ئىككى ئادەم ئارقىلىق ئىيسا
بولسا ھايات بار. شۇنىڭ ئۈچۈن ھەممە ئادەم ئىيسانىڭ
يولىغا، خرىستىئان دىنىغا ئېتىقاد قىلىشى كېرەك. مۇھەم-
مەد بولسا ئۆلگەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ يولىدىن، يەنى
ئىسلام دىنىدىن چېكىنىشى كېرەك، دېمەكچى بولىدىكەن .
يۇقىرىدىكى سۆزلەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن مەنمۇ مۇنازىرىلە-
شىشكە قىزىقتىم. رەھمىتۇللا يۇسۇپ مېنى يازلىق تەتىل
بولغاندا باشلاپ بارماقچى بولدى. 1930 - يىلى 6 - ئاينىڭ
باشلىرى، بىر يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە رەھمىتۇللا يۇسۇپ،
مەن، يەنە تۆت - بەش نەپەر تالىپ بىرلىكتە باردۇق. بىر
ئازدىن كېيىن ئۇلار يىغىلدى. بىزمۇ ئىبادەتخانىغا كىر-
دۇق. ئۇ يەردە شۇندكە بۇرۇندىن سېتىلغان ھەسەن، ئېلى
دېگەن ئىككى ئادەم بولۇپ، ئۇ كۈنى ئىبادەتنى ھەسەن
باشقۇردى، ھەممەيلەن ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن ئىنجىلنى ئوقۇ-
دى. ئارقىدىن ھەسەن بىر مۇنچە تەرغىبات قىلدى. ئاخىرىدا

دۇئا قىلىپ تۈگەتتى. زورمۇ زور مۇنازىرىلەشكىلى بولمى-
دى، قايتىپ كەلدۇق. مەن شۇ كۈنلەردە بەزگەك كېسىلى
بولۇپ قېلىپ، تاغىنىڭ ھاۋاسىدا بۇ كېسەل بىر ئاز ياخشى
بولىدۇ، دېگەن گەپكە ئاساسەن قەشقەر شەھىرىنىڭ غەربىدى-
كى تاغنىڭ تۈۋىگە جايلاشقان مۇش دېگەن يېزىغا چىقىپ
كەتتىم، قىشىچە ئوقۇدۇم. 1931 - يىلى 4- ئاينىڭ باشلى-
رىدىكى بىر بازار كۈنى (پەيشەنبە كۈنى بازار بولاتتى)
نامازدىگەر ۋاقتى بىلەن تۆرپانلىق سالاخۇن دېگەن بىر تالىپ
بىلەن ئىككىمىز تاماشا قىلىپ قۇم دەرۋازىنىڭ تېشىدىكى
پاختا بازىرىغا باردۇق. قارىسام شۆيدىنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا
نۇرغۇن ئادەم توپلىشىپ قاپتۇ. بىز ئۇ يەرگە باردۇق. ئۇ
يەردە ئىككى تالىپنى شۆيدىنىڭ ئۈچ - تۆت سېتىلمىلىرى
ئوتتۇرىغا ئېلىپ ھەر خىل سوئاللار بىلەن ئۇ تالىپلارنى
يېڭىپ مەسخىرە قىلىشىۋېتىپتۇ. بازاردىن يانغان ئادەملەر
توپلىشىپ تاماشا كۆرگىلى تۇرۇپتۇ. مەن ئەھۋالنى كۆرۈپ
چىداپ تۇرالماي ئوتتۇرىغا چۈشتۇم. مۇنازىرىلىشىشنى تە-
لەپ قىلدىم. ئۇلار يۇقىرىدا يېزىلغان سوئالنى قويدى،
مەنمۇ تەييار جاۋابنى بەردىم. يەڭگىنىم ئۈچۈن مەنمۇ مەس-
خىرە قىلدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مېنى قورۇنىڭ ئىچىگە
كىرىشكە زورلىدى، مەن ئۇنىمىدىم. ئاخىر قولۇمدىن تۇ-
تۇپ سۆرەپ ماڭدى. شۇ چاغدا كۆپچىلىك ئارىلىشىپ ئاجرى-
تىپ قويدى. قايتىپ كېلىپ كېچىچە ئويلىنىپ ئەتىگەنلىكى
شۆيدلار ھەرىكىتىگە رەددىيە ئاساسىدا بىر پارچە دىنىي

تەشۋىقات قوللانمىسى يېزىپ چىقتىم. تالىپلار كۆرۈپ قو-
شۇلدى. شۇ كۈنى جۈمەدە بۇ تەشۋىقنى بىر نەچچە ئورۇندا
ئېلىپ باردۇق، بۇنىڭ تەسىرى خېلى چوڭ بولدى. بىر
ھەپتىگە قەدەر شىۋىدلار دەرۋازىسىنى ئاچمىدى. دوختۇرخا-
نىنىمۇ ئاچمىدى. شىۋىدلار سەمەن رايونىنىڭ كاندىر دېگەن
يېرىدە بىر ئادەمنىڭ يېرىنى سېتىۋېلىپ ئۇ يەردە مەكتەپ
ئېچىش ئۈچۈن تاملىرىنى پۈتتۈرۈپ، ئۈستىگە ياغاچ چىقىر-
رىپ قويغانىكەن. تەشۋىقنى ئاڭلىغان دېھقانلار ئۇنى بۇزۇپ
تاشلاپتۇ. شىۋىدنىڭ ئادەملىرى ئۇ يەرگە ئىككىنچى بارالماپ-
تۇ، دەپ ئاڭلىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن تالىپلارمۇ بارمايدى-
غان، بارسىمۇ كىرگۈزمەيدىغان بولدى. تەشۋىق قىلىشنى
ھۆكۈمەت تەرەپ چەكلەپ قويدى. بۇ ئىش شۇنىڭ بىلەن
تۈگىدى. ئەسكەرتىش: مەن ئىلىغا چىققاندىن كېيىن
1949 ـ يىلى شۋېد دېگەنلەرنىڭ نېمىلىكى بىلەن تونۇشۇپ
چىقتىم. ئەسلىدە ئەنگلىيە جاھانگىرلىكىنىڭ «بوفمانىزم»
دېگەن بىر جاسۇسلۇق تەشكىلاتى بولۇپ، ئۇلار شۇ تەشكىلات-
نىڭ ئادەملىرى ئىكەن. بۇنى ئۇققاندىن كېيىن شۇ چاغدا
ئىلىدا نەشر قىلىنغان «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىنىڭ بىر سانىغا
مۇشۇ ئەھۋالنى پاش قىلىپ «بوفمانىزم نىقابى ئاستىدا»
دېگەن تېما بىلەن بىر ماقالە يازغانىدىم...»

شۇ ۋەقەلەردىن باشلاپ ئەرمىيادا تۈرلۈك ئىجتىمائىي
تېمىدا، جۇملىدىن جەمئىيەتتىكى نادانلىق، پارىخورلۇق،
خۇراپاتلىق، مىللىي ئىناقسىزلىق قاتارلىقلار ھەققىدە ھەج-

ۋي شېئىرلارنى يېزىش ھەۋىسى قوزغالدى. نەتىجىدە ئۇ
«مادارا ئەئىزەم» (چوڭ ياراشتۇرۇش) ناملىق شېئىرلار
توپلىمىنى كۆپەيتىپ كۆچۈرۈپ، ئامما بىلەن يۈز كۆرۈش-
تۈردى. بۇ توپلام جامائەتچىلىكنىڭ قىزغىن قارشى ئېلىشى-
غا سازاۋەر بولۇپ، ئۇنىڭدىكى ھەربىر شېئىر قىزىق نۇقتا
پاراڭلىرىنىڭ تېمىسىغا ئايلاندى. ئارقىدىنلا ئۇ «ئەنۋارىل
ھۇدا» (ھىدايەت نۇرلىرى) ناملىق توپلىمىنى ئېلان قىلىپ
پاك مۇھەببەتكە مەدھىيە ئوقۇدى. بۇ ئىككى توپلامنىڭ ھەج-
مى 100 بەت ئەتراپىدا بولۇپ، ئۇسلۇبى ئۆزگىچە، تىلى
جانلىق، پىكىرلىرى چوڭقۇر پەلسەپىۋى روھ بىلەن تويۇن-
غانلىقتىن، ئەرمىيا ئۇستازلىرى ۋە ساۋاقداشلىرى ئارىسى-
دىلا ئەمەس، پۈتكۈل قەشقەر شەھىرىدە شائىر سۈپىتىدە
تونۇلدى. نەتىجىدە ئۇ جامائەتچىلىك ئارىسىدا ھۆرمەتكە سا-
زاۋەر ئەربابقا ئايلاندى.

# قوش تاپانچىلىق ئەزىمەت

1932 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىلىرىدا، قۇمۇل دېھقانلار قوزغىلىڭىنىڭ جەنۇبىي شىنجاڭغا يۈرۈش قىلغان قىسىملىرىنىڭ قوماندانى تۆمۈر سىجاڭ جىڭ شۇرېنىنىڭ قورچاق قوراللىق كۈچلىرى قولىدىن قەشقەر كونىشەھەرنى قورال كۈچى بىلەن تارتىۋالدى. ئاندىن ئۆزى قەشقەر «خانلىق مەدرىسە» نىڭ مۇدەررىسى بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇ كىشىنى كونىشەھەرنىڭ ھاكىملىقىغا تەكلىپ قىلدى. مۇدەررىس تۆمۈر سىجاڭغا ئۆزىنىڭ ياشىنىپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، ئورنىغا باشقا بىر ئادالەتپەرۋەر كىشىنى قويۇشنى ئىلتىماس قىلدى.

تۆمۈر سىجاڭ مۇدەررىسىنىڭ ئۆزرىسىنى قوبۇل قىلىپ، ئورنىغا نامزات كۆرسىتىپ بېرىشنى قايتا ـ قايتا تەكلىپ قىلدى. مۇدەررىس بۇ تەلەپنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرسخانىغا چىقىپ تالىپلار ئارىسىدىن ئەرمىيا ئېلىنى باشلاپ چىقىپ:

— ئەگەر مەن ئۆز ئورنۇمغا لايىق كىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بولسام، ئۇ ئىشقا مېنىڭ مۇشۇ شاگىرتىم تازا باب كېلىدۇ. ئۇ يىقىندىن بېرى چەت ئەل دىن تارقاتقۇچىلى-

ـرىنىڭ ھەم ئۇلارنىڭ ئارقا تېرەكلىرىنىڭ ئەدىپىنى بەردى.
بەرگەندىمۇ تازا كېلىشتۇرۇپ بەردى. بۇ يىگىت بىلىملىك،
قەلىمى كۈچلۈك، سىياسىي سەزگۈرلۈكى ئۆتكۈر، يۇرەك-
لىك، جامائەت ئارىسىدا ئابرۇيى بار، ئۆزى شائىر، ئىسمى
ئەرمىيا ئېلى، — دەپ تونۇشتۇردى.

تۆمۈر سىجاڭ مۇدەررىس بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن
ئەرمىيانى ئېلىپ مۇھاپىزەتچىلىرى بىلەن قەشقەر كونىشە-
ھەرنىڭ سېپىلىغا چىقىپ، يېڭىشەھەر تەرەپكە قاراشلىق
دەرۋازىنىڭ ئۈستىدىكى نۇقتىغا كېلىپ توختىدى. ئۇ يېڭى-
شەھەرگە قاراپ بىر پەس تۇرغاندىن كېيىن، ساقىلىنى
سىلاپ تۇرۇپ ئەرمىياغا:

— ئىنىم ئەرمىيا ئېلى، ھازىر قەشقەر يېڭىشەھەر
قارانىيەت ما خۇسەننىڭ قاراقچىلىرى بىلەن لىق تولدى.
ئېنىق خەۋەرگە قارىغاندا، ئۇلار يېقىندا كونىشەھەرگە باس-
تۇرۇپ كىرمەكچى. ئۇلارنىڭ مەقسىتى ھاكىمىيەتنى تارتى-
ۋېلىپ، شەھەرنى خالىغانچە ئاياغ - ئاستى قىلىشتۇر. مەن
سىزگە بىر بۆلۈك ئىشەنچلىك كىشىلەرنى بېرەي، شۇلار
بىلەن بېرىپ ناھىيىلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىشىنى باشقۇرۇپ،
شەھەرنى تەرتىپكە سېلىڭ، سىزگە يەنە قورال - ياراغمۇ
ئەۋەتىپ بېرەي، شەھەرنى قوغداشقا پىداكار كىشىلەردىن
قوشۇن تەييارلاڭ. بۇ ئىش قانچە تېز ئىشلەنسە شۇنچە ياخ-
شى، — دېدى ھەم ئەرمىيا بىلەن خوشلىشىپ سېپىلدىن
چۈشۈپ كەتتى.

ئەرمىيا ئېلى ھاكىم بولۇپ 9 - كۈنى سىجاڭنىڭ شتابىدىن: «يېڭىشەھەردىكى چېرىكلەر كونىشەھەرگە باستۇ-رۇپ كېلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ پەيلى يامان، تۆمۈر سىجاڭ سىلىنى دەرھال تەدبىر قوللىنىپ، شەھەرنىڭ ئامانلىقىنى ساقلىسۇن دەيدۇ» دېگەن خەۋەر كەلدى.

شۇنىڭ بىلەن ئەرمىيا ئېلى يېڭىدىن تەشكىللىگەن قو-شۇننى باشلاپ جەڭگە ئاتلاندى. ئۇ قولىغا قوش تاپانچا ئېلىۋالغان بولۇپ، تولىمۇ جەسۇر، قورقۇمسىز كۆرۈنەتتى. ئۇرۇش ئىنتايىن شىددەتلىك بولدى. دۈشمەنلەر بەرداشلىق بېرەلمەي ئاخىر قاچتى. ئەرمىيانىڭ قوشۇنى پۈتۈن سەپ بويىچە ئۇلارنى قوغلاپ يوقىتىشقا باشلىدى...

يەتمىش كۈنگە سوزۇلغان ئۇرۇشتا، ئەرمىيا ئۆزى تەش-كىل قىلغان پىدائىيلار بىلەن تۆمۈر سىجاڭنىڭ قوشۇنلىرىغا ماسلىشىپ، كونىشەھەرنى پۇختا مۇداپىئە قىلىپ مۇستەھ-كەم ساقلىدى.

# گۆر ئاغزىدىن قايتىش

ئۇرۇش كەسكىن داۋام قىلىنىۋاتاتتى، دۈشمەن مەغلۇپ بولغاچقا، غالجىرلىشىپ، قالدۇق كۈچلىرىنى تەشكىللەپ توختىماي ھۇجۇم قىلاتتى. بىراق، تۆمۈر سىجاڭ ۋە ئەرمىيا ئېلىنىڭ پىداكار قوشۇنلىرى تەرىپىدىن سۇر - توقاي قىلىنىپ قوغلىناتتى. شۇڭا، ئەرمىيا دۈشمەن ئەسكەرلىرىنىڭ كۆزىگە قادالغان مىخ بولۇپ، مەقسەتلىك ھۇجۇمنىڭ نىشانىغا ئايلىنىپ قېلىۋاتاتتى.

بىر پەيشەنبە كۈنى، كەچ سائەت بەش بولغان چاغ. ئۇرۇش ساراڭ لەگزە دېگەن جايدا ئەۋجىگە چىققانىدى. پاڭ - پۇڭ قىلىپ ئېتىلغان ئوق ئاۋازلىرى بىلەن يارىلانغانلارنىڭ نالە - پەريادلىرى ئەتراپنى بىر ئالغانىدى. ئىككى قولىغا ئىككى تاپانچا ئېلىۋالغان ئەرمىيا ئېلى ئوڭ تەرەپتىكى سەپنىڭ ئەڭ ئالدىدا كېتىپ باراتتى. ئۇ پات - پات ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ، سەپداشلىرىنى تېخىمۇ باتۇرلۇق كۆرسىتىشكە چاقىراتتى.

— قېرىنداشلار، ئالغا، بۇ نىجىسلارنى پاك زېمىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرايلى! — ئۇ ئاخىرقى قېتىم جەڭچى-

لەرنى ئالغا ئۈندەۋاتقان چاغدا، قىچىپ كېتىۋاتقان دۈشمەن چېرىكلىرىدىن بىرسى توساتتىن كەينىگە بۇرۇلۇپ، ئۇنى نىشانلاپ ئاتتى. ئۇ قىپقىزىل قانغا بويالغان هالدا سەنتۈرۈل-گىنىچە ئاستا يىقىلدى ۋە هوشىدىن كەتتى. دوستلىرى دەرهال يېتىپ كېلىپ ئۇنى بىخەتەر جايغا يۆتكىدى. ئەرمە-يانىڭ يۈرىكى ۋە تىنىقىنى تۇتۇپ بېقىپلا چۆچۈپ كېتىشتى:

— ۋۇي قازا قىلدىمۇ نېمە؟ تىنىقىمۇ يوقيا؟

ئۇلار گۇمانلانغان هالدا بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ياش تۆكۈشتى. سۇرە پاتىهەنى ئوقۇپ ئېگىزكىنى چاتماقچى بول-دى. شۇ ئەسنادا ئەرمىيا «خارت» قىلىپ بىر نەپەس ئالدى.

— ياق، هاياتكەن، تېز دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى!

ئۇلار شۇنداق دېيىشىپلا ئەرمىيانى زەمبىلگە سېلىپ، كونىشەهەردىكى شۆبە دوختۇرخانىسىغا ئېلىپ باردى. بى-راق، ئۇلار ئەرمىيانى كۆرۈپلا تونۇپ داۋالاشنى رەت قىل-دى. دەل شۇ چاغدا، بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان سوۋېت ئىتتىپاقى قىزىل كرېست دوختۇرخانىسىنىڭ خادىملىرى ئەهۋالدىن خەۋەر تېپىپ ئۇنى ئۆز شىپاخانىسىغا قوبۇل قىل-دى. تەپسىلىي تەكشۈرۈپ چىققاندىن كېيىن دوختۇر:

— ئوق گەجگىسىگە تېگىپ ئېگىزكى چېقىلىپ توققۇز تال چىشى يۇلۇنۇپ كېتىپتۇ، يارىدارنىڭ ئەهۋالى بەكلا خەتەرلىك، — دېدى تەقەززالىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغان ئەرمە-يانىڭ دوستلىرىغا.

— دوختۇر، ئۇنى بىر ئامال قىلىپ قۇتقۇزۇپ قالغان

بولسىڭىز، ئۇ تالانتلىق شائىر ئىدى، — دېيىشتى يىگىتلەر بىر ئېغىزدىن ئىلتىجا قىلىپ.

— خاتىرجەم بولۇڭلار، بار كۈچىمىز بىلەن تىرىشىمىز، — دېدى دوختۇر ۋە جىددىي رەۋىشتە قانلارنى تازىلاپ، زەخىملەنگەن يېرىنى تىكتى.

ئەرمىيا بىر خىللا ھوشسىز ياتاتتى. تومۇرىنىڭ سوقۇشىمۇ ئاجىز بولۇپ، دوختۇرخانا ئىچىنى بىر خىل ئۈمىدسىز كەيپىيات چۇلغىۋالغانىدى. ئۇنى يوقلاپ كەلگەن يۇرتداشلىرىمۇ بىر ـ بىرىگە قاراشقىنىچە باش چايقىشىپ: «بىچارىنىڭ تۇپرىقى يىراقتا، غۇربەتتە قالىدىغان بولدى» دەپ پىچىرلىشاتتى ھەسرەتلىنىپ.

دوختۇرلارنىڭ بار كۈچى بىلەن قۇتقۇزۇشى ئارقىسىدا ئەرمىيا بىر نەچچە كۈندىن كېيىن ئاران ھوشىغا كەلدى. بىراق يارىسى ئېغىر بولغاچقا، بىر نەرسىنى چاينىيالماقتا يوق، سۇنىمۇ يۇتالمايتتى. بۇ ئەھۋال ئۇزۇن داۋاملاشسا، ئۇنىڭ سالامەتلىكىنىڭ ئەسلىگە كېلىشىگە ئېغىر تەسىر يېتەتتى. دوختۇرلار ئاخىر بىر ئامال تاپتى، ئىنچىكە نەيچە ئارقىلىق سۇتنى ئاستا ـ ئاستا ئۇنىڭ كانىيىغا قۇيدى. دورا ۋە باشقا شەربەتلەرنىمۇ مۇشۇ ئۇسۇل بىلەن يېگۈزدى. كۈنلەر، ھەپتىلەر مۇشۇ تەرزدە ئۆتۈۋەردى، داۋالاشنىڭ ئۈنۈمى كۆرۈلۈپ، ئەرمىيا ئاستا ـ ئاستا ياخشىلىنىشقا باشلىدى.

ئۇ بۇ كەچۈرمىشلىرىنى «مەن ئەرمىيانىڭ تەرجىمىھالىم» دا مۇنداق خاتىرىلىگەن: «... مەن دوختۇرخانىدا تۆت ئاي

ياتتىم، لېكىن، جاراھەتلىرىم تولۇق ساقايماستىن، 1933 - يىلى 1- ئايدا قايتىپ چىقتىم. مەن چىقسام ئەھۋال باشقىچە بولۇپ كېتىپتۇ. تۆمۈرنىڭ ھاكىمىيەت ئورنىنى ساۋۇت داموللا ھاجى ئىگىلەپ ئۆزىنى «باش ۋەكىل» دەپ ئاتاپتۇ. قەشقەردە بىر قانچە نازارەت تەشكىل قىپتۇ. مەسىلەن، ئەدلىيە نازارىتى، ئۇنىڭغا ئۆزبېك زىرىپ قارى ھاجىمنى باشلىق قىپتۇ. مالىيە نازارىتىگە ئېلاخۇن دېگەننى باشلىق قىپتۇ. ئەۋقاپ نازارىتىگە شەمشىدىن داموللا ھاجىمنى باشلىق قىلىپتۇ. ئەمما، يېڭى شەھەردىكى سوقۇش تېخى داۋام قىلىۋېتىپتۇ. مەن يەنە شەمشىدىن داموللا ھاجىمغا ئەگىشىپ ئەۋقاپ نازارىتىگە بېرىپ - كېلىپ يۈردۈم. بۇ كۈنلەردە جاراھىتىم تېخى پۈتمىگەن، سۆزۈمنى تولۇق ئۇقتۇرالمايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن بىر ئىشقا مەسئۇل ئەمەس ئىدىم. شۇ كۈنلەردە خوجىنىيازھاجى، مامۇت دېگەنلەر بار ئىدى. بۇلارمۇ يېڭىشەھەر سوقۇشىغا قاتناشتى. ئارقىدىن گاسلىنىڭ دېگەن نۇرغۇن خۇيزۇ ئەسكەرلەر بىلەن بېرىپ يېڭىشەھەرگە كىردى. بۇ چاغدا خوجىنىياز ھاجى، مامۇت، ساۋۇت داموللا ھاجى ۋە ئۇنىڭ نازىرلىرى كونىشەھەرنى تاشلاپ چىقىپ كەتتى. شۇ قاتاردا شەمشىدىن داموللا ھاجىم ئەۋقاپ نازارىتىنىڭ ۋە ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى ماڭا بېرىپ چىقىپ كەتتى. ئەتىسى گاسلىنىڭ كونىشەھەرگە كىرىپ ئورۇنلاشتى. ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتۈپ 9-كۈنى (1933 - يىلى 2 - ئاي) ئەتىگەندە، خۇيزۇ ئەسكەرلەر كونىشەھەردە

ئومۇمىي قىرغىنچىلىق يۈرگۈزۈپ نەچچە مىڭ ئادەمنى ئۆلتۈردى. ھېچقانداق ئۆي قويماي بۇلاڭ - تالاڭ قىلدى. شەمشىدىن داموللا ھاجىمنىڭ ئۆيلىرىمۇ بۇلاڭ - تالاڭغا كەتتى. بۇ ئەھۋال ئىككى كۈن داۋام قىلدى…»

شۇ ئىش بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئەرمىيا ئېلى «ئۆمۈر خاتىرەمدىن» ناملىق بىر پارچە شېئىر يېزىپ بېشىدىن ئۆتكەنلەرنى چىنلىق بىلەن ئەكس ئەتتۈردى ھەم بۇ شېئىرىدا تۇنجى قېتىم «نىمشېھىت» دېگەن تەخەللۇسنى قوللاندى.

1933 - يىلى 3 - ئايدا نىمشېھىت ئەرمىيا ئېلى بىر ئاز ياخشى بولغاندىن كېيىن رەھمىتۇللا يۈسۈپ بىلەن بىر ئىشەكچىنى ياللاپ يۇرتى بايغا قاراپ يولغا چىقتى. ۋە 4 - ئاينىڭ 15 - كۈنى تىنچ - ئامان يېتىپ كەلدى. ئۇ بەكلا چارچاپ ھالىدىن كەتكەنىدى. شۇڭا، ئۇ بىر ياز تېزەككاغۇدا تۇرۇپ، ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىنىڭ يېنىدا ئېغىر يارىلىنىشتىن كېلىپ چىققان روھىي - جىسمانىي ئازابلىرىنى داۋالاتتى.

# تۆندىكى مەشئەل

نىمشېھىت ئەرمىيا ئېلىنىڭ سالامەتلىكى خېلىلا ئەس-
لىگە كېلىپ قالغانىدى. بىر كۈنى ئۇ ئىنىسى قادىر ئېلى-
نىڭ ئۆگىنىش ئەھۋالىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئۈنىڭدىن
ئۈنى- بۈنى سوراپ ئولتۇراتتى، توساتتىن سىرتتا نان يېقى-
ۋاتقان ئانىنىڭ چاقىرغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ئەرمىيا، تېز بولغىن، قارا كىم كەلدى!

ئۇ سىرتقا چىقىپلا، ئەمدىلا ئاتتىن چۈشۈپ ئانىسى
بىلەن سالاملىشىپ تۇرغان ساۋۇت داموللامنى كۆرۈپ خۇ-
شاللىقتىن كۆزلىرى چاقناپ كەتتى. ئۇ كەكە ساقال، ئې-
گىز، ئورۇق ئادەم بولۇپ، بېشىدىكى چىمەن دوپپىسى،
ھاۋارەڭ بەلۋاغ باغلانغان يوللۇق يەكتىكى بەستىگە خويمۇ
ياراشقانىدى. شۇ تاپتا ئۇ ئۇزۇن يىل كۆرۈشمىگەن شاگىر-
تىنى يوقلاش ۋە سۆزلىشىش ئۈچۈن ئالايتەن ئۆزى يالغۇز
كەلگەنىدى.

داستخان سېلىنىپ چاي تارتىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن
ئۇلار خېلى ئۇزۇنغىچە ھال - مۇڭ بولۇشتى. نىمشېھىت
قەشقەردىكى ئوقۇش ئەھۋالىنى، كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرى-

نى، جەڭدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى بىرەر قۇر سۆزلەپ بەر-دى. ئۇستازى ئۇنىڭ ئېغىر يارىلىنىپ گۆر ئاغزىدىن قايتىپ كەلگەن ئاجايىپ كەچۈرمىشلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن:

— رىزقىڭ بار ئىكەن بالام، خۇدايىم بىر ساقلاپ-تۇ، — دېدى ئىچكۆيەرلىك بىلەن. ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن شا-گىرتىنىڭ مەردانىلىقىغا بولغان قايىللىقى، ئىپتىخارلىقى مانا مەن دەپ چىقىپ تۇراتتى.

ساۋۇت داموللامۇ ھەج سەپىرىدە كۆرگەن چەت ئەللەر-دىكى ئاجايىپ يېڭىلىقلار ھەققىدە تەپسىلىي توختالغاندىن كېيىن، گېپىنى ئىچكى ئەھۋالغا بۇرىدى:

— نۆۋەتتە شىنجاڭدا ئىلگىرى كۆرۈلۈپ باقمىغان ۋە-زىيەت شەكىللەنمەكتە، شېڭ شىسەي تەختكە چىقىپلا ئالتە بۈيۈك سىياسەتنى جاكارلاپ، خەلقنىڭ يېڭىچە پەننىي مەك-تەپلەرنى ئېچىش تەلىپىنى قوبۇل قىلدى. ئۇنىڭ قورسىقىدا قانداق جىننىڭ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، بۇ بىز ئۈچۈن ياخشى پۇرسەت، بىر نەچچە ئايدىن بېرى بۇ جەھەتتە بەزى خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن بولسامۇ، بەكلا يالغۇزلۇق قىلىپ قالدىم. شۇڭا، سالامەتلىكىڭ يار بەرسە، ماڭا ھەمدەمدە بولامدىكىن، دەپ مەسلىھەتلەشكىلى يالغۇزلا كېلىشىم ئىدى.

— بەك بەلەن گەپكەن، — دېدى نىمشېھىت ئۇستازى-نىڭ مۇددىئاسىنى بىلگەندىن كېيىن ھاياجانلىنىپ، — خەلقىمىز ئۇزۇن مۇددەت نادانلىقنىڭ ئاسارىتىدە قالدى،

ئۇلارنى چوقۇم ئىلىم - مەرىپەت بىلەن قوراللاندۇرۇش كېرەك.

شۇنىڭدىن كېيىن بۇ ئۇستاز - شاگىرتنىڭ ئورتاق تىرىشىشى بىلەن بايدا يېڭى مائارىپنىڭ مۇقەددىمىسى باشلاندى. ئۇلار بىر تەرەپتىن جىددىي ھەرىكەتلىنىپ بەزى زۆرۈر تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئىشلىسە، يەنە بىر تەرەپتىن تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، قول ئىلكىدە بارلارنىڭ ئىقتىسادىي جەھەتتىن ھەرىكەتكە كېلىشىنى مۇراجىئەت قىلدى ھەم ئۆزلىرى باشلامچىلىق بىلەن پۇل ئىئانە قىلدى.

نىمشېھىت يېڭىچە پەننىي مەكتەپنىڭ دەرسلىكى، پروگراممىسى ۋە ئوقۇتۇش تۈزۈملىرىنى تېزدىن ئىگىلەپ مەكتەپ قۇرۇشقا ئاتلاندى. ناھىيە بازىرى ئىچىدىكى «زاۋۇتخانا» (ھازىرقى ناھىيىلىك 1 - باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئورنى) دەپ ئاتالغان كونا قۇرۇلۇشتىن بىر سىنىپ تەييارلاپ ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلدى. مەكتەپكە «ئىقبالىيە» دەپ نام بېرىپ، تۇنجى سائەتلىك دەرسنى ئۆزى ئۆتتى.

ئۇزۇنغا قالماي باي ناھىيىلىك «ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» قۇرۇلۇپ، ساۋۇت داموللام ئۇيۇشما رەئىسى، نىمشېھىت مۇئاۋىن رەئىس بولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئىقتىسادىي كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، توسالغۇلارنى سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ئاقارتىش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە پايدىلىق شارائىتقا ئىگە بولدى. بۇ ئۇستاز - شاگىرتنىڭ ئەلنى يېتەكلەپ زور كۈچ بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى

ئارقىسىدا، قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە بايدا 30 تىن ئارتۇق يېڭى پەننىي مەكتەپ قۇرۇپلا قالماي، ئۇيۇشما خىراجىتى بىلەن مەخسۇس ئوقۇيدىغان «دارىلئېتام»، ئىگە ـ چاقىسىز قېرى ـ ئاجىزلارنى يىغىپ ھالىدىن خەۋەر ئالىدىغان «دا-رىلئاجىزىن» ۋە ئىككى سىنىپلىق قىزلار مەكتىپى قۇرۇل-دى.

نىمشېھىت ئەرمىيا ئېلى داموللام 1934 ـ يىلى 5 ـ ئايدا سايرامدا قۇرۇلغان يېڭى مەكتەپكە مۇدىر بولۇپ بەلگى-لەندى. ئۇ ساۋاقدىشى رەھمىتۇللا يۈسۈپنى مۇئەللىملىككە تەكلىپ قىلىپ بىللە ئىشلىدى. بىر يىل ئۆتكەندىن كېيىن ئۆزىنىڭ تەلىپى بىلەن ناھىيىدىكى ئەڭ يىراق، شارائىتى ناچار تاغلىق كەنت — قېيىردىكى باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇت-قۇچىلىق قىلدى. ئۇ بۇ يەردە بىر تەرەپتىن بالىلارغا دەرس بەرسە، يەنە بىر تەرەپتىن ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇل-لاندى. 1936 ـ يىلى 2 ـ ئايدا، ئۇ «بىلىم ئىشقىدا» دېگەن مەشھۇر شېئىرىنى يازدى. بۇ شېئىرنى كىشىلەرنى ئىلىم- مەرىپەتكە ئۈندەيدىغان پەند ـ نەسىھەت ۋە شوئار خاراكتېرى كۈچلۈك ئادەتتىكى شېئىرلار بىلەن سېلىشتۇر-غىلى بولمايتتى. ئۇ بىر يۈكسەك غايىنىڭ، ئىدىيىنىڭ بەدىئىي سەمەرىسى بولۇپ، ئىلىم ـ مەرىپەتكە بولغان چەك-سىز ئىنتىلىشتىن شائىر ۋۇجۇدىدا شەكىللەنگەن مەنىۋى جۇغلانمىنىڭ بىر قېتىملىق پارتلىشى ئىدى. ئۇنىڭدا ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ دۇنيا ھەم ئىنسان بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى

پەلسەپىۋى يۈكسەكلىكتە شەرھلىنىپ، كىشىلىك ھاياتنىڭ ماھىيىتى ئوبرازلىق ئىپادىلەنگەندى. بۇ شېئىرنىڭ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتكەن بۈگۈنكى كۈندىمۇ كىشى-لەر تەرىپىدىن ناخشا قىلىپ ئوقۇلۇشى ئۇنىڭدىكى بەدىئىي بالاغەتنىڭ كۈچىدۇر:

جاھان رەنالىرى ئىچرە بىلىمدەك بىر گۈزەل يار يوق،
بىلىمدىن ئۆزگە تۇتقان يار بولۇر ئۇ گاھىدا بار يوق.
..........................................
ھاياتلىقتا بىلىم قانداق كىشىنىڭ يولدىشى بولسا،
قەيەرگە بارسا باش قاتماس بىلىمدەك ئاڭا غەمكار يوق.
..........................................

شېئىرنىڭ يۇقىرىدىكى مىسرالىرىدىن شۇنى كۆرۈۋې يەتمەك تەس ئەمەسكى، شائىر بۇ شېئىرنى دانىشمەنلەرچە يۈكسەك تەپەككۇر مۇھىتىدا تۇرۇپ يازغان. بۇ خىل روھىي ھالەت ئىنسان ئۈچۈن ئىنتايىن قىممەتلىك بولۇپ، ئۇ گويا ھايات ـ مامات دەقىقىلىرىدە چاقنىغان مۇقەددەس نۇردەك ئەبەدىيلىككە مەنسۇپ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئۇ پرومېتېنىڭ ئىنسانلارغا ئوت ئوغرىلاپ بەرگەنلىكى ياكى دانكونىڭ يېنىپ تۇرغان يۈرىكىنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ، زۇلمەتلىك جاڭگالدا ئېزىپ قالغان كىشىلەرگە يول كۆرسىتىپ بېرىۋاتقاندىكى ھالىتىگە ئوخشايتتى. چۈنكى، ئەينى چاغدىكى رېئاللىق بى-

لەن شائىر قەلبىنىڭ تىنىمسىز سوقۇلۇشىدىن پەيدا بولغان ئۇچقۇنلار يانغىنغا ئايلانغانىدى.

شۇ يىلى 7 ـ ئايدا نىمشېھىت «باي ناھىيىنىڭ ھەسـرەتلىك ساداسى» دېگەن شېئىرنى يېزىپ، بايدىكى يېڭىچە مائارىپ ۋە ئاقارتىش ئىشلىرىدا بارلىققا كەلگەن نەتىجىلەرگە نىسبەتەن ھۆكۈمەت ئاخبارات ئورگانلىرىنىڭ سوغۇق مۇئامىلىدە بولغانلىقىغا كۈچلۈك نارازىلىق بىلدۈردى.

# كۈتۈلمىگەن بوران - چاپقۇن

نىمشېھىت قېيىردا ئوقۇش ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللى-نىۋاتقان شۇ كۈنلەردە، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىي ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دانىش قازى بايغا خىزمەت-لەرنى تەكشۈرگىلى كەلدى. ئارىلىقتا 200 چاقىرىمغا يېقىن مۇساپىنى بېسىپ قېيىردىكى مەكتەپكە چىقىپ، نىمشېھىت-نىڭ ئوقۇغۇچىلارغا ئۆتكەن دەرسىنى ئاڭلىدى ھەم ئايرىم سۆھبەتلىشىپ، ئۇنىڭدىكى يۇكسەك تالانتنى بايقىدى. شۇڭا ئۇ قايتىش ۋاقتىدا نىمشېھىتقا:

— دەرھال بايغا قايتىپ بار، ساۋۇت داموللام خىزمەت-لەرگە يېتىشەلمەي قالدى، سەن مائارىپ خىزمىتىگە مەس-ئۇل بولىسەن، — دېدى ھەم قولىغا خەت يېزىپ بەردى. بۇ ئەمەلىيەتتە نىمشېھىتنى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا يۆتكەشنىڭ تەييارلىقى ئىدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ بايغا قايتىپ كېلىپ 1936 - يىلى 6 - ئاينىڭ ئاخىرىغىچە مائارىپ خىزمىتىنى ئىشلىدى. تەتىل مەزگىلىدە ئالدىراشلىقىغا قارىماي ۋىلايەتلىك مائارىپ ئىدارىسى چاقىرغان دەرس سۆزلەش كۇرسىغا تەكلىپ بىلەن

قاتناشتى، كۈرس ئاخىرلاشقاندىن كېيىن دانىش قازى ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرتىپ:

— سىنى ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسىغا يۆتكەشنى قارار قىلدۇق. پىكرىڭ بارمۇ؟ — دېدى سىناش نەزىرى بىلەن قاراپ.

نىمشېھىت بىر پەس ئويلىنىپ قالدى. جان كۆيەر ئانىسى كۆز ئالدىغا كېلىش بىلەن «ياق» دېمەكچى بولدىيۇ، دانىش قازىنىڭ ئۆزىگە ئۈمىد بىلەن تىكىلىپ تۇرغان كۆزلى-رىگە قاراپ ئىختىيارسىز:

— تەشكىلنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنىمەن، — دەپ ئىپادە بىلدۈردى.

— ھازىرچە نەشرىيات بۆلۈمىگە مەسئۇل بولىسەن، قىلىدىغان ئىشىڭلار ئۇرۇمچى، قەشقەر، چۆچەك، ئالتاي گېزىتلىرىگە مۇشتەرى توپلاش، پۇللىرىنى يىغىپ ماڭدۇ-رۇش، كەلگەن گېزىتلەرنى ۋاقتىدا تارقىتىش، — دېدى دانىش قازى ئىزاھات بېرىپ.

نىمشېھىت تېزلا ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. بۆلۈمدە ئايدا ئىككى قېتىم چىقىدىغان «ئاقسۇ ئۇچۇرى» ناملىق تام گېزىد-تى بولۇپ، ئۇنى قول بىلەن بېزەپ تەييارلايتتى. ئۇ بۇ يەرگە مەسئۇل بولۇپ كەلگەندىن كېيىن، «ئاقسۇ ئۇچۇرى» گېزىتى شاپىگراف بىلەن بېسىلىپ، ناھىيىلەرگىچە تارقىلى-دىغان بولدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي نىمشېھىتنى ھاياتىدىكى يەنە بىر بوران-

چاپقۇن كۆتۈۋالدى. 1937 ـ يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئۇ گېزىتنىڭ كېيىنكى سانلىرىغا ماقالە تەييارلاپ ئولتۇراتتى، ئۇيۇشمىنىڭ بىر خادىمى كىرىپ، دانىش قازىنىڭ ئۇنى ئىشخانىسىدا ساقلاۋاتقانلىقىنى يەتكۈزدى. نىمشېھىت كىرگەندە، دانىش قازى كۆزلىرى ياش يۇقى ھالدا غەمكىن ئولتۇراتتى:

— كەل، ئولتۇر بالام، — دېدى ئۇ بىردىن قەددىنى رۇسلاپ، چىرايى جىددىي تۇس ئالدى، — ساڭا بىر شۇم خەۋەر ئېيتاي، ئۇستازىڭ ساۋۇت داموللام قولغا ئېلىنىپ تۈرمىدە قەتل قىلىنىپتۇ.

نىمشېھىت بېشىدا چاقماق چېقىلغاندەك چۆچۈپ كەتتى. ئىشەنگۈسى كەلمىگەن ھالدا بېشىنى چايقىغىنىچە تۇرۇپ قالدى. دانىش قازى بىر ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىۋالغاندىن كېيىن ئۆزىنى سالماق تۇتۇشقا تىرىشىپ شۇنداق دېدى:

— قەشقەردىكى مامۇت سىجاڭ شېڭ شىسەيگە ئىشەنمىگەچكە، چەت ئەلگە چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭ قول ئاستىدىكىلىرى قوزغىلاڭ كۆتۈرۈپتۇ. شېڭ شىسەي بىر تەرەپتىن جەنۇبىي شىنجاڭغا زور قوشۇن يۆتكىسە، يەنە بىر تەرەپتىن پايلاقچىلىرىنى ئىشقا سېلىپ يوشۇرۇن تۇتۇش، ئۆلتۈرۈش ھەرىكىتىنى باشلاپتۇ.

— ئۇنىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى قىلغانلىرى تورنى يېيىش ھىيلىسى ئىكەن ـ دە، چايان ئاخىر ئۆزىنى ئاشكارى-

لاپتۇ، — دېدى نىمشېھىت ئۇستازى ئۇچۇن تۆكۈۋاتقان كۆز ياشلىرىنى سۈرتۈپ تۇرۇپ.

— شۇنداق بالام، بوران - چاپقۇن باشلىنىدىغاندەك قىلىدۇ، كۆپرەك ئېھتىيات قىل!

بىر نەچچە كۈن ئۆتەر - ئۆتمەيلا ئاقسۇدا زور تەسىرگە ئىگە ئالىم، جامائەت ئەربابى، ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىنىڭ رەھبىرى دانىش قارىمۇ قولغا ئېلىنىپ ئۇ-رۇمچىدىكى تۈرمىگە يۆتكەپ كېتىلدى. ئۇلارنىڭ سەپدىشى، مەسلەكدىشى بولغان نىمشېھىتنىڭمۇ بۇ خىل قىسمەتتىن ساقلىنىپ قالالمايدىغانلىقى تۇرغان گەپ ئىدى.

1937 - يىلى 2 - ئاينىڭ 4 - كۈنى كېچە، چوڭقۇر خىيالغا پاتقان نىمشېھىت بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە خىيال سۈرۈپ ئولتۇراتتى. توساتتىن گۈپۈرلىگەن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، بىر توپ پايلاقچى قاۋاندەك ھۆركىرىگىنىچە ئى-شىكنى ئۇرۇشقا باشلىدى:

— ئاچە ئىشىكنى، تېز بول!

نىمشېھىت ئىشىكنى ئېچىشىغا ئۇلار يوپۇرۇلۇپ كې-لىپ ئۇنى باغلاپ تۈرمىگە تاشلاشتى. شۇنىڭ بىلەن تۈرلۈك قىيىن - قىستاقلار باشلاندى:

— سەنلەر ماۋتىنىڭ چاپارمەنلىرى بىلەن ئاستىرتتىن تىل بىرىكتۈرۈپ ئىسيان كۆتۈرۈشمەكچى بولۇشتۇڭ، شۇن-داقمۇ؟ ئېيتە، شېرىكلىرىڭ كىم؟

— بىز دە ئەلنى ئىلىم - مەرىپەتلىك قىلىشتىن باشقا

مۇددىئا بولغان ئەمەس، ئەجەبا شۇمۇ گۇناھمىكەن؟

دەھشەتلىك ئازاب ـ ئوقۇبەتلەر بىلەن تولغان 11 ئاينى ئۇ يالغۇز كىشىلىك كامېردا ئەنە شۇنداق ئېلىشىش بىلەن ئۆتكۈزدى. غالچىلار شائىرنى تەكرار قىيناش، سوراق قىلىش ۋە ھىيلە ـ نەيرەڭ ئىشلىتىش ئارقىلىقمۇ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەندىن كېيىن، ئۇنى 1938ـ يىلى 6ـ ئايدا قويۇپ بېرىشكە مەجبۇر بولدى. شائىر ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسىدىكى خىزمىتىنى يەنە داۋاملاشتۇردى. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا ھۆكۈمەت گېزىتخانا تەسىس قىلدى. ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى نىمشېھىتنى گېزىتخانىغا يۆتكەپ بەردى. گېزىت دەسلەپتە شاپىگراف بىلەن چىقىرىلدى. ئىككى يىلدىن كېيىن مىخ مەتبەئەگە ئۆزگەرتىلدى. بۇ جەرياندا ئۇ شاپىگرافتا گېزىت باسقۇچى، كوررېكتور، باسمىخانا بۆلۈمچە باشلىقى ۋە مۇھەررىر بولۇپ ئىشلىدى. شائىر يۇقىرىقى خىزمەتلەرنى جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەش بىلەن بىللە، يەنە شېئىر ۋە سەھنە ئەسىرى ئىجادىيىتى بىلەن پائال شۇغۇللاندى.

# يىغلىماڭ قىزىم…

1943 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئىمشىيەت ئەرمىيا ئېلىنى شىئىرىيەتكە قىزىقىدىغان بىر ھەۋەسكار ئۆيىگە تەكلىپ قىلدى. ئۇنىڭ ئۆيى شەھەر ئەتراپى رايونىدىكى بىر كۆجۈم مەھەللىدە بولۇپ، پىيادە يېرىم سائەتلىك يول ئىدى. تىنچ، ساپ ھاۋالىق بۇ مەھەللىنى ئىمشىيەت تولىمۇ ياقتۇراتتى. ئۇلار كەچلىك تاماقتىن كېيىن خېلى ئۇزۇنغىچە ھال ـ مۇڭ بولۇپ ئولتۇردى. بىر چاغدا قايتىش ئۈچۈن سىرتقا چىقتى، زېمىن ئاينىڭ سۈتتەك نۇرىغا چۆمۈلگەنىدى. سۈزۈك ئاسماندا چاراقلاپ تۇرغان يۇلتۇزلار كېچىنى تېخىمۇ گۈزەل تۇسكە كىرگۈزگەنىدى. دىماغلارغا باش باھارنىڭ نەمخۇش ھاۋاسى ئۇرۇلاتتى.

— پاھ، نېمىدېگەن راھەت، — دېدى تەبىئەتنىڭ بۇ سېھىرلىك جەزبىسىدىن ھۇزۇرلانغان ئىمشىيەت.

— راست، ئادەمگە تالانىڭ ھاۋاسى خۇشياقىدىغان بولۇپ قاپتۇ جۇمۇ، — دېدى ھەۋەسكار يىگىت قۇۋۋەتلەپ.

شۇ ئەسنادا بۇكىدە باغنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ھويلىدىن چىققان قىيا ـ چىيا ئاۋازى ئۇلارنىڭ ئارامىنى بۇزدى.

جىدەل تىخىمۇ كۈچىيىپ بىر ئەرنىڭ ئاغزىنى بۇزۇپ تىل-لاشلىرى، بىر قىزنىڭ ئىچىنىشلىق يىغلاپ تۇرۇپ: «بۇن-داق جاندىن تويدۇم، ئۆلۈپ بىرىمەنغۇ ئاخىر» دىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ئۇلار كىم؟ نىمە ئىش بولغاندۇ؟ — دىدى نىمشى-ھىت ئىختىيارسىز كۆڭۈل بۆلۈپ.

— يان قوشنىمىز ساۋۇتاخۇن، قىزى پەنىنى مەكتەپتە بىر ئوبدانلا ئوقۇۋاتاتتى، ئەرگە بىرىمىز دەپ جىدەل قۇزۇ-ماس بولدى، تىخى قايسى كۈنىلا ئۆستەڭ بويىدىن تۇتۇپ كەلگەن ئۇ قىزنى ، بۇگۇن يەنە نىمە بولۇشتىكىن؟

— نەچچە ياشقا كىرگەن قىز ئۇ؟ — دەپ سورىدى نىمشىھىت ئەرمىيا ئىلى.

— 13 لەردە بارغۇ دەيمەن، 60 قا يىقىنلاشقان، ئىككى خوتۇنى بار بىر بايغا بەرمەكچى بوپتىكەن!

نىمشىھىتنىڭ كۆز ئالدىغا ياشلىق بوسۇغىسىغا ئەمدىلا قەدەم قويغان چاغدىكى مۇھەببەت پاجىئەسى كەلدى. ئۇنىڭ سۆيگۈنى قەمبەرنىسا شۇنداق پاك، چىرايلىق قىز ئىدى. ئاتا- ئانىسى بايلىقنى دەپلا ئۇنىڭ كۆز ياشلىرىغا قارىماي، بىر - بىرىگە ئوتتەك ئىنتىلىپ تۇرغان بىر جۈپ يۈرەكنى چەيلەپ، ئۇنى ئۆزىدىن خىلىلا چوڭ بىر بايۋەچچىگە مەجبۇ-رىي ياتلىق قىلىۋەتكەن. بۇ ئىش نىمشىھىتنىڭ قەلبىدە مەڭگۈ ساقايماس يارا پەيدا قىلغانىدى. شۇڭا، بۇ گەپنى ئاڭلاپلا ئۇنىڭ چىرايى غەزەپلىك تۈس ئالدى:

— ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، بۇ ئوچۇقلا بالىلارنى نابۇت قىلغانلىق ئەمەسمۇ؟ يۈرۈڭ بېرىپ باقايلى!

نىمشېھىتنىڭ بۇ ئىشقا ئۇنچىۋالا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىپ كېتىشىنى خىيالىغا كەلتۈرمىگەن ھەۋەسكار يىگىت رايىشلىق بىلەن يول باشلىدى. ئۇلار ھويلىغا كىرگەندە، 50 ياشلار چامىسىدا كۆرۈنىدىغان ساۋۇتاخۇن قولىدىكى تا- ياقنى دىۋەيلىگىنىچە چالۋاقاۋاتاتتى. ئايالى ئۇنى توسۇپ يال- ۋۇرىۋاتاتتى، قىز بولسا كىگىزمۇ سېلىنمىغان داق سۇپىغا ئۆزىنى تاشلاپ، دۈم ياتقىنىچە ئۆكسۈپ يىغلاۋاتاتتى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قېرىندىشىم، ئاچچىقىمىزنى يامان قىلمايلى، ئاتا تۇرۇپ نارەسىدە قىز بالىغىمۇ تاياق دىۋەيلىگەن بارمۇ؟

ئاسماندىن چۈشكەندەكلا كۆز ئالدىدا پەيدا بولغان ئۆلىما سۈپەت يوچۇن كىشىنى كۆرۈپ، ساۋۇتاخۇن تېڭىرقاپ تۇ- رۇپ قالدى. ئۇنى باشلاپ كىرگەن قوشنىسىغا لاپپىدە بىر قارىۋەتكەندىن كېيىن:

— ھەي، بالا دېگەن نەرسىنىمۇ باقامدىغان، قىز بالا تۇرۇپ ئاتا ـ ئانىنىڭ گېپىگە كىرمىسە... — دېدى قولىدىكى تاياقنى تاشلاپ، ئارقىدىنلا قوشنىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن مېھماننىڭ كىملىكىنى بىلىپ، خىجىل بولغاندەك پەسكويغا چۈشتى.

نىمشېھىت ساۋۇتاخۇن بىلەن بىرەر قۇر ئەھۋاللاشقان- دىن كېيىن قۇرئاندىكى سۈرىلەرنى شىپى كەلتۈرۈپ نۇرغۇن

نەسىھەتلەرنى قىلدى. ئىلىم ئۆگەنمەي نادانلىقتا قېلىش-
نىڭ، نارەسىدە بالىلارنى نابۇت قىلىشنىڭ قانچىلىك ئېغىر
گۇناھلىق ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. ئۇنىڭ سۆزلى-
رىنىڭ قايىل قىلىش كۈچى شۇنداق زور ئىدىكى، ساۋۇتا-
خۇن ئاڭلاپ بىر پەس ھەيكەلدەك قېتىپ قالغاندىن كېيىن،
ئىختىيارسىزلا:

— مەن ئېزىپتىمەن داموللام، — دەپ تاشلىدى.

نىمشېھىت بىر يېنىك تىنىۋالغاندىن كېيىن تېخىچە
ئېسەدەپ يىغلاۋاتقان قىزنىڭ يېنىغا كېلىپ:

— يىغلىماڭ قىزىم، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭ، — دېدى
مۇلايىملىق بىلەن.

قىز خىزىردەكلا پەيدا بولۇپ، ئۆزىگە باشپاناھ بولغان
بۇ زاتنىڭ سۆزىنى ئىلىك ئېلىپ ئورنىدىن تۇردى. بىردىنلا
شۇمشىيىپ بىچارە قىياپەتكە كىرىپ قالغان دادىسىنى قۇچاق-
لاپ تۇرۇپ:

— جېنىم دادا، مەن ئوقۇيمەن، ياتلىق بولمايمەن، —
دېدى بۇقۇلداپ يىغلاپ.

— قىزىم، كەم ئەقىل داداڭنى كەچۈرگىن، — دېدى
ساۋۇتاخۇنمۇ يېشى بىلەن كۆز يېشىنى سۈرتۈپ.

نىمشېھىت ئۇلارنى يەنە يوقلاپ كېلىدىغانلىقىنى ئېي-
تىپ خوشلاشتى. ئۇ ياتىقىغا قايتىپ كەلگەندە، ۋاقىت خېلى
بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى. ئەمما، ئۇ نېمىشقىدۇر زادىلا
ئۇخلىيالمىدى. ھېلى كۆرگەن قىزنىڭ بىچارە ھالىتى، نا-

دان ئاتىنىڭ زوراۋانلىقى كۆز ئالدىدىن كەتمەيتتى: «ئۇلار-
نىڭ ئىشىغۇ ھەل بولدى، بىراق يەنە قانچىلىغان نارەسىدە
قىزلىرىمىز ئاياللار ئەركىنلىكى، نىكاھ ئەركىنلىكىنىڭ
نېمىلىكىنى چۈشەنمەيدىغان ئاشۇنداق نادان ئاتىلارنىڭ قولى-
دا ئازاب چېكىۋاتقاندۇ؟».

ئۇنىڭ كۆزلىرى ياشقا تولدى، ئىختىيارسىزلا قولىغا
قەلەمنى ئېلىپ جىمجىت ئولتۇرۇپ يېزىشقا كىرىشتى… ئۇ
قەلەمنى شىرە ئۈستىگە قويغاندا، تاڭ خورازلىرى چىللاشقا
باشلىغانىدى.

شۇ كېچىسى ئۇ تاڭ ئاتقۇچە ئۇخلىماي نادانلىقنى،
خۇراپاتلىقنى سۆككىدىغان، ئوقۇش يېشىدىكى قىزلارنى پۈر-
سەتنى قولدىن بەرمەي تىرىشىپ بىلىم ئېلىشقا، كونىلىقنى
تاشلاپ، جەمئىيەتتە ئۆزىنىڭ رولىنى ئاڭلىق جارى قىلدۇ-
رۇشقا ئۈندەيدىغان «قىزىم يىغلىماڭ…» ناملىق 102 مىرا-
لىق ئېسىل شېئىرنى يېزىپ پۈتتۈردى.

# كېيىك بالىسىنىڭ ھېكايىسى

ئۈجمە تازا مەي باغلاپ پىشقان چاغ. نىمشىھەت بىر نەچچە دوست، خىزمەتداشلىرى بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى بىر يېزىغا ئۈجمە سەيلىسىگە كەلدى. ياز قۇياشىنىڭ ئالتۇن رەڭ نۇرلىرى بۈك - باراقسان باغلارنىڭ، دەل - دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى ئارىسىدا يالت - يۇلت چاقنايتتى. سان - ساناقسىز قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاپ سايراشلىرى، موللاقچى كەپتەرلەرنىڭ ئەركىن پەرۋازلىرى زېمىننى تەبىئىيلىكىنىڭ مىسلىسىز گۈزەل كۈيىگە غەرق قىلغانىدى.

باغ خېلىلا چوڭ بولۇپ، مېۋىلەرنىڭ ھەممە سورتلىرى دېگۈدەك تېپىلاتتى. ئەمدىلا ئالا بولۇشقا باشلىغان جانان ئۆرۈكلەر سۇس جىمىرلاپ كۆزنىڭ يېغىنى يەيتتى. ئۇلار باغنىڭ غەربىي بۆلۈكىدىكى قاتار كەتكەن ئۈجمىزارلىققا كەلدى. شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي ئېگىلىپ كەتكەن ئاق، قارا، چېقىر ئۈجمىلەر تېخى ئاخشاملا ياغقان يامغۇردا يۇيۇلغان بولۇپ مەرۋايىتتەك يالتىرايتتى. ئۈجمىزارلىقنىڭ تۆۋەن تەرىپى ئاقسۇ دەرياسى، قارشى قىرغاقتىن كۆجۈم مەھەللىگىچە يېشىل ئوتلاق بولۇپ، ئات، كالا، قويلار ئەركىن

يايلاپ يۈرەتتى. پادىچى بالىلارنىڭ قوڭغۇراقتەك كۈلكە ئا-ۋازلىرى دەريا شاۋقۇنلىرىغا قوشۇلۇپ كېتەتتى.

ئازراق ئۈجمە يەپلا غىققىدە تويۇپ قالغان نىمشېھىتنىڭ كۆزلىرى ئاشۇ گۈزەل مەنزىرىگە قاراپ قېتىپ قالغانىدى. توساتتىن ئۇ ھايۋانلارنىڭ ئارىسىدا غەمسىز ئوتلاپ يۈرگەن بىر جانىۋارنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ تۇرۇپ بېشىنى قىيسايتىپ يىراقلارغا نەزەر سالسا، تۇرۇپلا ئوغلاق، قوزىلار بىلەن قوغلىشىپ سەكرەيتتى:

— كېيىك بالىسىمۇ نېمە؟ — دېدى بىردەم زەن سې-لىپ كۆزەتكەن نىمشېھىت ھەيران بولۇپ.

— ئۇنداق ئەمەستۇ، كېيىك دېگەن تاغدا ياشايدىغان جانىۋار تۇرسا، — دېدى ھەمراھى گۇمان بىلەن.

— راست، كېيىك بالىسىكەن جۇمۇ، — دېدى يەنە بىرەيلەن نىمشېھىتنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلەپ.

ئۇلارنىڭ سۆزىگە دىققەت قىلغان باغنىڭ ئىگىسى:

— دەرۋازىسى دەريا تەرەپكە قارىغان ئاۋۇ ئۆي ھاشىم ئوۋچىنىڭ، ئۇ پات - پاتلا بوزدۆڭ تەرەپلەرگە يورغىلاپ، ياۋايى ھايۋانلارنى ئوۋلاپ ئەكېلىپ ساتىدۇ، سىلەر كۆرگەن كېيىك بالىسىنى ئۇ ئۆگىتىۋالغان گەپ، — دېدى چۈشەندۈ-رۈپ.

— كېيىك گۆشى دېگەن تېپىلغۇسىز دورا - دە، — دېدى كىمدۇر بىرسى گەپ قىستۇرۇپ.

«كېيىك گۆشى» دېگەن گەپنى ئاڭلاپ نىمشېھىتنىڭ

يۈرىكى جىغغىدە قىلىپ قالدى. ئىسىگە كىچىكىدە ئۆزىگە ئىچەكىشىپ كەتكەن ئاق ئوغلاق كەلدى. ئۇمۇ شۇنداق شوخ، ئوماق ئىدى. بىراق، ئۇنى باينىڭ غالچىلىرى زورلۇق بىلەن تارتىۋېلىپ سويۇپ يەۋالغانىدى. ئاشۇ كېيىكنىڭ بالىسىمۇ شۇنداق تەقدىرگە دۇچ كېلەرمۇ؟ كۆڭلىگە ھەر خىل ئېھتىماللىقلارنى كەلتۈرگەن نىمشېھىت باغنىڭ ئىگىسىگە ئىلتىجا قىلدى:

— ئوۋچىنىڭ ئۆيىگە باشلاپ بارسىڭىز، ئاشۇ كېيىك بالىسىنى سېتىۋالسام دەيمەن.

— ۋاھ، كەچتە كېيىك گۆشى يەيدىكەنمىز ـ دە، — دېدى بايا كېيىك گۆشىنىڭ تەرىپىنى قىلغان كىشى تامىقىنى چاكىلدىتىپ.

نىمشېھىتنىڭ غۇژژىدە ئاچچىقى كەلدىيۇ، ئۇنىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلماي باغ ئىگىسى بىلەن ئوۋچىنىڭكىگە يۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ئايلىنىپ بىر نەچچە كىلومېتىر يول يۈرۈپ دەريادىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىپ، ئوچۇق تۇرغان دەرۋازىدىن ھويلىغا كىردى. كونا پېشايۋان ئاستىدىكى كارىۋاتنىڭ ئۇستىدە قاپقان، تور قاتارلىق ئوۋ سانمانلىرى تۇراتتى. تامنىڭ بۇلۇڭىغا كەلتۈرۈپ چىرايلىق ياسالغان قونداقتا بىر قارچىغا قاناتلىرىنى كېرىپ ئولتۇراتتى. يەنە بىر تەرەپكە قوش تىيەكلىك قارا مىلتىق يۆلەپ قويۇلغانىدى.

ئۇلار چاقىرغاندىن كېيىن ھاشىم ئوۋچى چىقىپ سالام-

لاشتى. ئۇ 40 لەردىن ھالقىغان ئوتتۇرا بوي، ئورۇق كىشى بولۇپ، بۇركۇتنىڭكىدەك ئۆتكۈر كۆزلىرىدىن ئوۋ-چىغا خاس سالاپەت چىقىپ تۇراتتى. ئۇ مېھمانلارنىڭ كې-لىش مەقسىتىنى ئۇققاندىن كېيىن بېشىنى قاشلاپ:

— بۇ كېيىكنىڭ بالىسىنى ئوبدان ئۆگىنىپ قالغان، مەھەللىمىزدىكى ئابلاباي ھاكىم، بەگلەرنى مېھمانغا چاقىر-ماقچى ئىدىم، دەپ خىجىل قىلىپ ئۈچ سەر كۇمۇشكە دېيىد-شىپ قويغاندۇق...

— بولدى، مەن بەش سەر كۇمۇش بېرەي، — دېدى نىمشېھىت دەرھاللا يانچۇقىغا قول ئۇزارتىپ.

— ئەستا ماۋۇ ئىشنى، — دېدى ھاشىم ئوۋچى ۋىللىدە ئېچىلىپ، — ئابلاباي ئەتىكى كۈندە ئادەم ئەۋەتمەكچى ئى-دى، بوپتۇ، سىلىگە بېرەي!

شۇنداق قىلىپ نىمشېھىت كېيىك بالىسىنى سېتىۋال-دى، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر تۇغقان قېرىنداشتەك ئىچەكىشىپ كەتتى. كېيىك بالىسىمۇ ئۇنىڭغا شۇنداق ئۆگىنىپ كەتكەنىدىكى، كېچىسى ياتقىدىن، كۈن-دۈزلىرى ئىشخانىسىدىن چىقماي ھەمراھ بولاتتى. نىمشې-ھىت ئۇنى ئەڭ يۇمران ئوت - چۆپلەر بىلەن ئوزۇقلاندۇرات-تى. ئارام ئېلىش كۈنلىرى بولسا يېقىن ئەتراپتىكى ئوتلاق-قا، دەريا ساھىلىغا ئەگەشتۈرۈپ ئوتلىتاتتى. ئۆزى زامان ۋە ئادەملەر ئېلىپ كەلگەن دىشۋارچىلىقلارغا تەبىئەتتىن تە-سەللى تېپىپ يەڭگىللەپ قالاتتى. ئىلھاملىرى جۇش ئۇرۇپ

ئۈن - تىنسىز ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىناتتى. ئۇنىڭ «دۇنياغا بىر نازارەت»، «ئاخىرقى ئۇتۇق بىزنىڭ»، «ئۇ-كام ساڭا»، «بۈيۈك جۇڭگو» قاتارلىق شېئىرلىرى، «با-رات ئەھمىدى»، «دېھقان ساۋۇت ئاكا»، «قارابای»، «لەي-لى - مەجنۇن»، «پەرھاد - شېرىن» قاتارلىق سەھنە ئەسەرلىرى شۇ يىللارنىڭ خاتىرىسى ئىدى.

ئۇنىڭ «لەيلى - مەجنۇن» ئوپېراسى سەھنىلەشتۈرۈل-گەندە، كېيىك بالىسىمۇ ئارتىسلار بىلەن تەڭ سەھنىگە چىقىپ «رول» ئېلىپ، ئەسەر كەيپىياتىنىڭ جانلىق، تەبى-ئىي بولۇشىغا زور تۆھپە قوشتى. بۇ ئەسەر ئاقسۇ، باي قاتارلىق جايلارنىڭ سەھنىلىرىدە ئوينىلىپ خەلقنىڭ قىز-غىن ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى. ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇ-يۇشمىسى ئىمشېھتنى ئىجادىيەتتىكى تۆھپىلىرى ئۈچۈن 1943 - يىلى يەتتەگەز ئېسىل رەخت بىلەن مۇكاپاتلىدى ھەم كېيىنكى يىلى مىڭ يۈەن قەلەم ھەققى بەردى.

# قىرىنداشلارچە دوستلۇق

1943 ـ يىلى 9 ـ ئايدا خىزمىتىنى يۆتكەش دېگەن نامدا ئۇرۇمچىدىن ئاقسۇغا سۈرگۈن قىلىنغان شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپ «ئاقسۇ گېزىتى»گە كېلىپ ئورۇنلاشتى. نىمشېھىت ئۇنى ئىنتايىن قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىكى بۇ مەشھۇر ئىككى شەخس ئىلگىرى مەتبۇئات يۈزىدە تونۇشقان بولسا، مانا ئەمدى خىزمەتداشلاردىن بولۇپ قالدى...

ئۇلارنىڭ تۇنجى ئۇچرىشىشى تولىمۇ تەسىرلىك بولدى. شۇ كۈنى نىمشېھىت ئىشخانىسىدا يېڭى بىر ئەسىرى ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ ئولتۇراتتى. توساتتىن ئىشىك چېكىلدى:

— كىرىڭ، — دېدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ. ئىشىك ئېچىلىپ كاستۇم ـ بۇرۇلكا كىيىپ، گالستۇك تاقىغان، يالاڭۋاشتاق، ئاق ـ سېرىق بىر يىگىت كىرىپ كەلدى ھەم:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، ئۆزلىرى نىمشېھىت ئەرمىيا داموللامغۇ دەيمەن، — دېگىنىچە قول ئۇزارتتى. نىمشېھىتمۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ سالىمىغا خۇش چىراي جاۋاب قايتۇرغاندىن كېيىن:

— شۇنداق ئىنىم، ئۆزىڭىز؟ — دېدى سوئال نەزىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ.

— ئىسمىم لۇتپۇللا، ئۇرۇمچىدىن سىلەرنىڭكىگە خىزمەتكە كەلدىم، — دېدى يىگىت.

— ۋۇي، لۇتپۇللا مۇتەللىپ مەن دەڭ ئۇكام، خۇدايىم دىدارلىششقا بۇگۈن نېسىپ قىپتۇ - دە، — دېدى نىمشېھىت بىردىنلا ھاياجانلىنىپ، ئۇلار قايتىدىن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى.

— كەلگىنىڭىز بەلەن بوپتۇ، ئاكا - ئىنى بولۇشۇپ ئۆتىدىغان بوپتۇق، — دېدى نىمشېھىت ئۇنىڭ جۇشقۇن ھالىتىگە زوقلىنىپ.

— خېلىدىن بېرى ناملىرىنى ئاڭلاپ كەلگەنىدىم، بۇگۈن يۈز كۆرۈشۈپ بەك خۇشال بولدۇم، — دېدى لۇتپۇللامۇ سەمىمىيلىك بىلەن كۇلۇمسىرەپ.

ئۇلار تۇنجى كۆرۈشۈشىدىلا ئۇزۇن يىللىق قەدىناسلاردەك قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ تولىمۇ مەغرۇر، قورقۇمسىز كۆرۈنەتتى، كۆزلىرىدىن نۇر چاقنايتتى. سەل ھاياجانلانسا، مۇشتلىرىنى تۇگۈپ پۇلاڭلاتقىنىچە سۆزلەيتتى. ئۇنىڭ جەسۇر ھالىتى، گەپ - سۆزلىرى نىمشېھىتتا چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى. «بىر پارچە ئوت ئىكەن ئەمەسمۇ؟» دەپ ئويلىدى ئۇ لۇتپۇللادىن ئۆز ياشلىقىنى كۆرگەندەك بولۇپ.

*                    *

لۇتپۇللا مۇتەللىپ ھەقىقەتەنمۇ بىر پارچە ئوت ئىدى. ئۇ كېلىشى بىلەنلا ئاقسۇدىكى ئەدەبىي ھايات تېخىمۇ جانلىنىپ كەتتى. «ئاقسۇ گېزىتى» دە «جەنۇب شامىلى»ناملىق ئەدەبىي بەت تەسىس قىلىپ، بىر تۈركۈم ياش شائىرلارنى ئەتراپىغا يىغدى. «ئۇيغۇر ئاقارتىش ئۇيۇشمىسى» غىمۇ يېڭى قان قوشۇلغاندەك بولۇپ، ئاقسۇنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشىدا باشقىچە جانلىنىش كەيپىياتى پەيدا بولدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئىجاد قىلىشى ۋە رول ئېلىشى بىلەن «غېرىب — سەنەم»، «تاھىر — زوھرە» قاتارلىق ئوپېرالار خەلق بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ، ئۇيغۇر تىياتىرچىلىقىدا يېڭى بىر پەللە يارىتىلماقتا ئىدى. بۇ چاغدا ئىمشىھتىنىڭ يېشى 40 لاردىن ھالقىغان، سالامەتلىكى دېگەندەك ياخشى ئەمەس ئىدى. لېكىن، ئۇ ياشلارنىڭ بۇ خىل قىزغىنلىقىنى زور كۈچ بىلەن قوللىدى ھەم ئاكتىپ ئىشتىراك قىلدى. بۇ مەزگىلدە ئۇ ئەسىرلەردىن بۇيان ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا چوڭقۇر يىلتىز تارتقان رىۋايەتلەرنى توپلاش، تەتقىق قىلىش ئاساسىدا «مىلىك ئۆي ۋە پەرھاد — شېرىن» ناملىق مەشھۇر داستاننى يېزىپ پۈتتۈردى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ بۇ ئەسەرنى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن يۈكسەك باھا بېرىپ: «نادىر ئەسەر» دەپ ئاتىدى ھەم گېزىتتە ئېلان قىلىنىشقا زور كۈچ چىقاردى. داستان ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن كېيىن مەزمۇنىنىڭ يېڭى ھەم

موللىقى، قۇرۇلمىسىنىڭ ئىخچام، مۇكەممەللىكى، ئۇسلۇ-
بىنىڭ ئۆزگىچىلىكى، بەدىئىي غايىسىنىڭ يۇكسەكلىكى بى-
لەن زور تەسىر قوزغىدى. نىمشېھىت شۇنىڭ بىلەن بىللە
يەنە «ئۇنتۇما!…»، «گېزىت»، «ئوقۇغىلى كەتكەن ئى-
نىمغا» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، ھۆرلۇك ـ ئازادلىققا
بولغان ئىنتىلىشلىرىنى، زۇلۇم ۋە جاھالەتكە بولغان كۈچ-
لۈك غەزەپ ـ نەپرىتىنى نامايان قىلدى.

زۇلۇم شۇنداق چەككە يەتكەن، مەن ئىدىم بىتاپ،
تۇيۇقسىزدىن ئەلدىن كەلدى:
«ئويغان!» دەپ خىتاب،
ئەل ئويغاندى، جانلار ئازاد بولدى بىھېساب،
ياڭرىدى دىل، خەلق قۇردى بىلىمگە شىتاب،
دېدى خەلقىم چىن كۆڭلىدىن: «ھۆرلۇك ياشىسۇن!»
………………………
ئوقۇ ئىنىم، مىنۇت چېغىڭ بوشقا كەتمىسۇن!
جەمئىيەتنىڭ كۈتكەنلىرى بىكار كەتمىسۇن!
ھۇرۇنلۇقتىن ساڭا كېيىن ئەلەم يەتمىسۇن!
خىجىللىقتا يەرگە پېتىپ، بېشىڭ قاتمىسۇن!
تىرىشچان بول! خەلق ساڭا رەھمەتلەرنى ئېيتسۇن.

(«ئوقۇغىلى كەتكەن ئىنىمغا خەت»تىن)

1944 ـ يىلى يازدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ سوفىيەم ئىـ
سىملىك قىز بىلەن توي قىلدى. قىزنىڭ دادىسى بايىز قازى
ئوردۇ، پارس تىللىرىنى بىلىدىغان ئالىم كىشى بولۇپ،
شىڭ شىسەي ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەن زىيالىيلاـ
رىمىزنىڭ بىرسى ئىدى. ئىمشىھىت 1925 ـ يىلى كۇچادا
ئوقۇۋاتقان مەزگىلدە، ئۇنىڭ ھويلىسىدا قوشنا ئولتۇرۇپ
ئۇنىڭ بىلەن چوڭقۇر دوستلۇق ئورناتقانىدى. ئارىدىن 20
يىلغا يېقىن ۋاقىت ئۆتكەندە، دوستىنىڭ قىزى بىلەن ئىنىـ
سى يوللۇق دوستى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ توي قىلىشى ئۇنى
تولىمۇ سۆيۈندۈردى.

كېيىن سوفىيەم بايىزى شۇ چاغدىكى ئىشلارنى ئەسلەپ
مۇنداق دېگەن: «1943 ـ يىلى كۈزدە پائالىيەتكە قاتنىشىش
ئۈچۈن ئاقسۇغا باردىم ۋە ئاقسۇنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتە كۇـ
چادىن خېلى ئۈستۈن تۇرىدىغانلىقىنى كۆردۈم. شۇ چاغدا
ئاقسۇدىكى قىزلار مەكتىپىنىڭ مۇدىرى، ئۈچتۇرپانلىق ئاـ
مىنە مۇھەممەت ھاجى قىزى ماڭا: ‹بىزنىڭ قىزلار مەكتىـ
پىگە مۇئەللىم يېتىشمەيدۇ، بىزگە ئىككى مۇئەللىم كېـ
رەك، ئۇنىڭ بىرىگە ئۆزۈمنىڭ سىڭلىسى تۇرنىسانى ئېلىپ
قالىمەن، ئەگەر خالىسىڭىز يەنە بىرىگە سىزنى ئېلىپ قالاي›
دېدى. مەن كۇچاغا خەت يېزىپ ئاقسۇدا قالىدىغانلىقىمنى
ئېيتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن قىزلار مەكتىپىنىڭ مۇئەللىمى
بولۇپ قالدىم. بىز تۇرنىسا ئىككىمىز مەكتەپ مۇدىرى ئامىـ
نەنىڭ ئۆيىدە تۇردۇق...

11 ـ ئايدا بىز مەكتەپتە ئويۇن قويدۇق، تۇرنىسا، ئايىمنىسا، ئامىنە دېگەن مۇئەللىملەر بىللە خور ئېيتىپ چىقتۇق. مەن ناخشىمۇ ئېيتتىم. ئاۋازىم يۇقىرى ۋە چىرايلىق ئىدى. ئويۇن كۆرۈۋاتقانلار چاۋاك چېلىپ يەنە ناخشا ئېيتىپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلدى. سەھنىگە چىققاندا ھەممىسى: «بۇ قىز كىم؟ نەدىن كەلدى؟»، دەپ سورىشىپتۇ. ئولتۇرغانلار ئىچىدە ئابدۇللا روزى، ئەيسا نىياز، لۇتپۇللا مۇتەللىپ قاتارلىقلار بار ئىكەن. شۇ چاغدا ئابدۇللا روزى مېنى لۇتپۇللا مۇتەللىپكە تونۇشتۇرۇپتۇ. ئۇ دەل ئاقسۇ ۋىلايەتلىك ئۇيغۇر ئۇيۇشمىسى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ «غېرىب ـ سەنەم» دراممىسىنى قويۇشقا تەييارلىق كۆرۈۋاتقان ۋاقىت ئىكەن. شۇڭا، ئۇلار سەنەم رولىنى ماڭا بەرمەكچى بوپتۇ. ئەتىسى مەكتەپ مۇدىرى ئامىنە بىلەن ئىككىمىزگە يوغان بىر پارچە قەغەزگە يېزىلغان تەكلىپنامە كەلدى. بىز كەچتە باردۇق. ئۇ يەردە بەش ـ ئالتە كىشى ئولتۇرۇشقانىكەن. مەن شۇ چاغدا لۇتپۇللا مۇتەللىپنى كۆردۈم. ئۇلار بىزنى چاقىرىشتىكى سەۋەبنى ئېيتتى. بىز ماقۇل بولۇپ قايتتۇق، لۇتپۇللا بىزنى ئۆيگىچە ئۇزىتىپ قويدى.

ئۇ چاغدا رەپتىس ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتتا قىلىناتتى. بىز ھەر كۈنى مەكتەپنىڭ ئىشلىرىنى تۈگىتىپ كەچ بولغاندا رەپتىسكە باراتتۇق، غېرىب رولى لۇتپۇللاغا، سەنەم رولى ماڭا تاپشۇرۇلدى، بىز «غېرىب ـ سەنەم»نى دەسلەپكى قەدەمدە كۆڭۈلدىكىدەك ئويناپ چىقتۇق. شۇ چاغدا لۇتپۇللا

ماڭا: «مەن ئىلى ۋىلايىتىگە قاراشلىق نىلقا ناھىيىسىدىكى ھېزىم ئاخۇننىڭ ئوغلى، ئاپامنىڭ ئېتى مەلىكىخان، ئىككى ھەدەم، بىر سىڭلىم، بىر ئىنىم بار. سىزمۇ ياخشى ئائىلە-دىن ئىكەنسىز، مەن سىزنى خېلى سۈرۈشتە قىلدىم، ماقۇل كۆرسىڭىز ئىككىمىز تۇرمۇش قۇرساق، مەن سىزنى ھەقىـ-قىي سەنەمجان، ئۆزۈمنى غېرىب دەپ ئېيتالايمەن» دېگەن مەزمۇندا خەت يېزىپتۇ. مەن ئۇ خەتنى كۆرۈپ دەسلەپتە ناھايىتى ئۇيىلىپ كەتتىم. خېلى ئويلاندىم، ئاخىردا ماقۇل بولدۇم، شۇنىڭدىن كېيىن لۇتپۇللا ھەر كۈنى ۋېلىسىپىت، بەزىدە ئات بىلەن مېنى ئېلىپ كېتىدىغان بولدى.

كېيىن نىمشېھىت ئەرمىيا داموللىنىڭ ئۆيىدە توي قىلـ-دۇق، لۇتپۇللاغا ئۇيغۇر ئۇيۇشما باشلىقى قادىر ۋاڭ، ماڭا نىمشېھىت ئەرمىيا داموللا ئاتا بولدى...»

بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈپ يەتمەك تەس ئەمەسكى، نىمشې-ھىت بىلەن لۇتپۇللا مۇتەللىپ ئوتتۇرىسىدا خېلى چوڭقۇر دوستلۇق شەكىللەنگەن. ئۇلار ئىجادىيەتتە ئۆزئارا قوللى-شىپلا قالماستىن، تۇرمۇشتىمۇ يار- يۆلەك بولۇشقانىدى. شۇ يىلى كۈز ئايلىرىنىڭ بېشىدا، نىمشېھىتنىڭ بىر قور-ساق ئىنىسى قادىر ئېلى ئۈرۈمچىدىكى ئوقۇشىنى تاماملاپ ئاقسۇغا كەلدى ھەم ئونسۇ ناھىيىلىك مائارىپ ئىدارىسىگە خىزمەتكە چۈشتى. ئۇ ئۈرۈمچىدىكى چاغلىرىدىلا لۇتپۇللا بىلەن ئاز- تولا تونۇشاتتى. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئاكىـ-سى بىلەن كۆرۈشۈپ تۇرۇش داۋامىدا لۇتپۇللا بىلەن تېخىمۇ

چوڭقۇر تونۇشۇپ مەسلەكداش دوستلاردىن بولۇپ قالدى. نىمشېھىت بۇنىڭدىن تولىمۇ خۇشال بولدى.

1944 ـ يىلى 10 ـ ئايدا، نىمشېھىت «مىلىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن» داستانىنى سەھنىلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئىز-دىنىۋاتقاندا، ئېغىر ئۆپكە كېسىلى ۋە مىڭە ئاغرىقىغا گىرىپ-تار بولدى. بۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپنى يادرو قىلغان ئىلغار ياشلارنىڭ ئىنقىلابىي پائالىيىتى جانلىنىۋاتقان، گومىنداڭ ئەكسىيەتچىلىرىنىڭ ئۇلارغا قارىتا ئاشكارا ـ يوشۇرۇن پاي-لاقچىلىقى ئەۋج ئالغان چاغلار ئىدى. نىمشېھىتمۇ ئۇلارنىڭ كۆزىدىن چەتتە ئەمەس ئىدى.

ئۇنىڭ دوستلىرى ئۇنى شۇ چاغدىكى ئاقسۇ ۋىلايەتلىك دوختۇرخانىغا ئەكېلىپ تەكشۈرۈشتى. گومىنداڭنىڭ قول-چوماقچىلىرىدىن بولغان باش دوختۇر نىمشېھىتنى ئاندا-مۇندا تەكشۈرۈپ كۆرۈپ:

— بۇ ئادەمنىڭ كېسىلى بەك ئېغىر، داۋالاش كار قىلمايدۇ، قىرىق كۈنگە قالماي ئۆلىدۇ، ئۇنى دەرھال ئۇ-رۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ بېرىڭلار... — دېدى.

ئاقسۇ گېزىتخانىسىنىڭ باشلىقى لى خۇڭكەي داۋالى-تىش خىراجىتىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ ئۇنى ئىشتىن بوشىتى-ۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن نىمشېھىت قولىدىكى بار مۈلكىنى سېتىپ، ھارۋا كىرا قىلىپ، 1945 ـ يىلى 3 ـ ئايدا كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئانا يۇرتى تېزەكقاغۇغا قايتىپ كەل-

دى ھەم ئانىسى، ئۆرۈق - تۇغقانلىرى بىلەن جەم بولدى.
نىمشېھىتنىڭ ئاكىسى ئۆزەيرە خېلى تەجرىبىلىك تېۋىپ
بولغاچقا، ئۇنى كۆڭۈل قويۇپ داۋالىدى ۋە كۈتتى. نەتىجىدە
ئۇنىڭ كېسىلى بارا - بارا ياخشىلىنىشقا باشلىدى. ئۇزۇن
ئۆتمەي قادىر ئېلى ئۇنى يوقلاپ ئاقسۇدىن كەلدى. ئىنىسى
قايتىدىغان چاغدا، ئۇ لۇتپۇللا مۇتەللىپكە چوڭقۇر سالام
يوللىدى، كىم بىلسۇن؟ بۇ ئۇلارنىڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈ-
شۇشى بولۇپ قالدى. لۇتپۇللا مۇتەللىپ، قادىر ئېلى «ياش
ئۇچقۇنلار ئىتتىپاقى» نىڭ باشقا ئەزالىرى بىلەن بىللە گو-
مىنداڭ جاللاتلىرى تەرىپىدىن قەتل قىلىنغاندىن كېيىن
نىمشېھىت قاتتىق ھەسرەت چەكتى. چەكسىز قايغۇ، سېغى-
نىش ئىچىدە «ھەپىسىدە كەتكەن دوستۇم ل. مۇتەل-
لىپ»، «ۋەتەن قۇربانلىرى خاتىرىسىگە»، «ئەسلەيمەن»
قاتارلىق تەسىرلىك مەرسىيە ۋە شېئىرلارنى يېزىپ، ئۆ-
زىنىڭ ساپ - سەمىمىي دوستلۇق ھېسسىياتىنى ئىپادىلى-
دى، ئۇلارنى ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە ياد ئەتتى.

# ئازادلىق جەڭچىسى

1945 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا ئابدۇكېرىم ئاببا- سوۋ، سوپاخۇن سوۋۇرۇۋ، قاسىمجان قەمبىرى، رازىيوپ داموللا باشچىلىقىدىكى ئۈچ ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنىڭ جەنۇبىي يۆنىلىش قوشۇنى جەنۇبىي شىنجاڭنى ئازاد قىلىش يۈرۈشىنى باشلاپ، 8 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى باي ناھىيە تەۋەسىگە كىردى. ئۇلارنىڭ چوڭ غول ئېغىزىدىكى قورۇق جىلغا دېگەن جايغا چۈشۈشى گومىنداڭنىڭ ئىككى ئەسكىرى- نىڭ تۆت ـ بەش دېھقانغا ئوندەك تۆگىنى يېتىلىتىپ تاغقا قارىغاي كەستۈرگىلى چىقىشىغا توغرا كەلدى. رازۋېدكىچى- لار ئۇلارنى پەم بىلەن قولغا چۈشۈرگەندىن كېيىن، ئاسا- سىي قىسىم داۋاملىق ئىلگىرىلەپ، يول بويىدىكى ئېغىزلار- نى ساقلاۋاتقان گومىنداڭ ئەسكەرلىرىنى بىر ـ بىرلەپ يو- قاتتى. ئۇلار قېيىر يېزىسىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن مىس بۇلاق، غول، تۆگە بوينى، ئىشتارچى كەنتلىرى ئار- قىلىق داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلەپ، 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى باي بازىرىغا كىردى، يېرىم كۈنلۈك كەسكىن جەڭدىن كې- يىن باي بازىرى تولۇق ئىشغال قىلىندى.

شۇ قېتىمقى ئۇرۇشنى ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن مىللىي ئارمىيىنىڭ پېشقەدەم جەڭچىسى خۇدابەردى ئېلاخۇن ئۆز ئەسلىمىسىدە مۇنداق يازغان: «... 8 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى چۈش ۋاقتىدا، ئالدىن يۇرگۈچى ئەترىتىمىز باي ناھىيىسىگە يېتىپ باردى. بۇ كۈنى ھاۋا تۇتۇق ۋە سالقىن ئىدى. باي ناھىيىسىدە دۈشمەننىڭ بىر باتالىيوندەك ئەسكىرى بار ئىدـ كەن. ئالدىن يۇرگۈچى ئەترىتىمىز تەركىبىدىكى ئاپتوماتـ چىلار ئىزۋوتى بىلەن ئاتقۇچىلار ئىزۋوتىغا دۈشمەنگە تۇيـ دۇرماي شەھەرگە ئىچكىرىلەپ كىرىپ، دۈشمەننىڭ دەل ئۆزىگە زەربە بېرىش بۇيرۇقى بېرىلدى. دۈشمەن نۇرغۇن ئاشلىق بېسىلغان ئاشلىق ئىسكىلاتىغا، يەنى شەھەرنىڭ ئوتـ تۇرىسىغا يوشۇرۇنغانىكەن. بايدىكى جەڭ ئىككى سائەتتەك داۋاملاشتى. قوماندانلىق شتاب ۋە ئارقا سەپ خادىملىرى ئورۇنلىشىپ بولغۇچە، باي ناھىيىسى ئازاد قىلىنىپ بولـ دى. دۈشمەن بانكا ۋە باشقا ئىقتىسادىي ئورگانلىرىنى ئىكـ كىـ ئۈچ كۈن بۇرۇنلا يۆتكەپ كەتكەنىكەن، ئەمدى قولغا چىققۇدەك نەرسىلەرنىلا ئېلىپ، ئاشلىق ئىسكىلاتىغا ئوت قويۇۋېتىپ ئاقسۇ تەرەپكە قېچىپ كېتىپتۇ. دۈشمەن ئەسـ كەرلىرىنىڭ ئوق تېگىپ مېيىپ بولغانلىرى خېلى كۆپ بولسىمۇ، پەقەت يەتتەـ سەككىز ئۆلۈكنىلا قالدۇرۇپ، مېـ يىپ بولغانلارنىمۇ بىللە ئېلىپ كېتىپتۇ. بىزگە يىگىرمە تالچە مىلتىق، ئۈچ ساندۇق گرانات، بىر نەچچە ساندۇق ئوق ـ دورا غەنىيمەت چۈشتى. بىز تەرەپتىن بىر جەڭچى

قۇربان بولدى، ئوفىتسېرىمىز ئابباس قارى يېنىك يارىدار بولدى. باي ناھىيىسىدە ئەرمىيا داموللا (نىمشېھىت) باشلىق زىيالىيلار ئۇيۇشتۇرغان بىر مەخپىي تەشكىلات بار ئىكەن. ئۇلار ئالدىمىزغا چىقىپ قارشى ئالدى ۋە بىزگە قوشۇلدى. ناھىيىنىڭ تەرەپ ـ تەرەپلىرىدىن كەلگەن ياشلار بىزگە پىدائىي بولۇپ تىزىمغا ئالدۇردى. بىز ئۇلاردىن 200 دەكنى تاللاپ جەڭچىلىككە قوبۇل قىلدۇق. لېكىن، كۆپچىلىككە قورال يېتىشمىدى. 8 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنى شەھەر مەيدانىدا خەلق ئۆزى ئۇيۇشتۇرغان غەلىبىنى تەبرىكلەش يىغىنى ئېچىلدى، تاملارغا لوزۇنكىلار چاپلىنىپ، كوچىلارغا پلاكاتلار ئېسىلدى، ناھىيە ئاسمىنىغا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ بايرىقى چىقىرىلدى. يىغىندا قاسىمجان قەمبىرى، داموللا رازىيوپلار نۇتۇق سۆزلىدى. ناھىيە خەلقى نامىدىن نىمشېھىت سۆز قىلدى ۋە ئىنقىلاب غەلىبىسىگە ئاتاپ يازغان شېئىرىنى ئوقۇپ بەردى. سۆز قىلىشنى ئىختىيار قىلغۇچىلارنىڭ كۆپلۈكىدىن يىغىن سەھنىسى يېتىشمەي قالدى. توۋلىنىۋاتقان شوئارلار ۋە «ھۇررا»، سادالىرى يىغىن مەيدانىنى بىر ئالدى. يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن، ناھىيە بازىرى بىر نەچچە كۈنگىچە بايرام تۈسىگە كىردى. ئەر ـ ئايال، ياش ـ قېرى ھەممىسى بايراملىق كىيىملىرىنى كىيگەن، كەلگۈسىدىن ئۈمىد كۈتكەن ۋە كۆتۈرەڭگۈ روھقا تولغان ھالدا كوچا ـ كوچىلاردا ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ، غەلىبىنى تەبرىكلەشتى...»

مىللىي ئارمىيە بايىنى ئىشغال قىلغاندىن كېيىن تەشۋىق - تەرغىبات ئىشلىرىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلىگەندىن سىرت، ناھىيىنىڭ ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى جىددىي تەشكىللىدى. بىر قىسىم نامراتلارغا ئاشلىق تارقىتىپ بېرىش بىلەن بىللە، گومىنداڭچىلار تەرىپىدىن بىگۇناھ قامالغان خەلق ۋە زىيالىيلارنى ئازاد قىلدى. شۇ چاغدا ناھىيە بازىرى ۋە يېزا قىشلاقلاردىن كېلىپ ئۆزلىرىنى ئىنقىلابقا تىزىملاتقان ھەر ساھە كىشىلىرى بىر نەچچە مىڭغا يەتكەنىدى. يېزا - قىشلاردىن ئارمىيەگە قاتنىشىش ئۈچۈن ئات - ئۇلاغلىرىنى ئېلىپ كەلگەنلەر ناھىيىلىك ھۆكۈمەت، يېڭى بىنانىڭ ھويلىلىرى، دەرۋازا ئالدىلىرىغا پاتماي قالغانىدى. شۇلار قاتارىدا شائىر نىمشېھىتمۇ بىر مۇنچە ۋەتەنپەرۋەر زىيالىي، دېھقان ياشلىرىنى تەشكىللەپ مىللىي ئارمىيە تەركىبىگە قوشۇلدى. قوماندانلىق شتاب شائىرنىڭ پىداكارلىق روھىنى نەزەردە تۇتۇپ، ئۇنى قىسىمنىڭ تەشۋىق - تەرغىبات، مەدەنىي ئاقارتىش ئىشلىرىغا مەسئۇل قىلدى.

1945 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى ئاقسۇ شەھىرىنى ئازاد قىلىش ئۈچۈن گومىنداڭ قوشۇنلىرى بىلەن كەسكىن جەڭ قىلىۋاتقان مىللىي ئارمىيە قىسمى بۇيرۇققا بىنائەن ئۇرۇش توختىتىپ، ئاقسۇ كونىشەھەر، باي قاتارلىق جايلاردىن مۇزداۋان ئارقىلىق غۇلجىغا قايتقاندا، نىمشېھىتمۇ بىللە چېكىندى...

ئاپئاق قار - مۇزلار بىلەن قاپلانغان قارىغايلىق تاغ -

قىيالار ئارىسىدا ئاتلىق ـ پىيادىلەردىن تەشكىللەنگەن زور
بىر ھەربىي قوشۇن يايسىمان ھالەتتە سوزۇلۇپ كېتىۋاتات-
تى. بېشىغا غۇلجا دوپپىسى، ئۇچىسىغا كەمزۇل كىيىپ،
بېلىنى بەلۋاغ بىلەن مەھكەم باغلىغان نىمشېھىت ئەرمىيا
ئېلى ئىككى مۇرىسىگە ئىككى مىلتىق ئاسقان ھالدا خىيال-
چان كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ سول تەرىپىدە بېشىغا مالخاي كىي-
گەن، شاپ بۇرۇت، تەمبەل كىشى ئۇ ئاخشام ئۆڭكۈردە شام
يورۇقىدا يازغان بىر پارچە شېئىرنى زوق بىلەن ئوقۇماقتا
ئىدى. ئوڭ تەرىپىدە بېشىغا ئىسپانكا، ئۇچىسىغا مىللىي
ئارمىيىنىڭ فورمىسىنى كىيگەن بىر جەڭچى ئاپتوماتنى
مەھكەم تۇتقان ھالدا بېشىنى سولغا بۇراپ پۇتۇن دىققىتى
بىلەن ئاڭلاۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كەينىدىكى ئاتلىقلارنىڭ قىيا-
پىتى تېخىمۇ ھەيۋەتلىك ئىدى. قاسقان شەپكە، خۇرۇم ئۆ-
تۇك كىيىپ، بوينىغا دۇربۇن ئېسىۋالغان، ھەربىي فورمى-
سىنىڭ ئۇستىگە قارا رەڭلىك تون يېپىنچاقلىۋالغان كىشى
پولكوۋنىك سوپاخۇن ئىدى. ئۇنىڭ چاپچىپ تۇرغان ئات
ئۇستىدىكى سالاپىتىدىن ھەربىي قوماندانغا خاس جاسارەت
چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا جەنۇبىي يۆنىلىش ئارمىيىسىنىڭ
رەھبەرلىرىدىن بىرى بولغان قاسىمجان قەمبىرى ئاتلىق ياندا-
داشقانىدى...

10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى نىمشېھىت مىللىي ئارمىيە
بىلەن بىللە غۇلجىغا يېتىپ كەلدى. سالامەتلىكى يار بەرمى-
گەنلىكتىن، قىسىمدىن ئايرىلىپ ئىككى ئاي گېزىتخانىدا

خىزمەت قىلدى. 1946 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ مىللىي ئارمىيە باش قوماندانلىق شتابى تەشكىل قىلغان «تارىخ ـ تەزكىرە ئىشخانىسى» دا ئىشلەشكە باشلى- دى. مىللىي ئارمىيە قوماندانلىق شتابى ئۇنىڭ ئارمىيە ئىچىدە كۆرسەتكەن تۆھپىسىگە ئاساسەن ئۇنىڭغا «كاپىتان» ھەربىي ئۇنۋانى بەردى. ئىمشىپھىت 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى بىر گۇرۇپپا ئادەم تەشكىللەپ خىزمەتكە ئاتلاندى ۋە 6 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىگە قەدەر چۆچەك، دۆربىلجىن، ساۋەن، شىخو، جىڭ، بورتالا، ئارشاڭ، قورغاس، سۈيدۈڭ، شى- خەنزە، ئەلان ئۇس،ساندوخوزا، يەنسىخەي، كۈيتۈڭ، قورغاس قاتارلىق جايلارنى ئايلىنىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بار- دى. بارغانلا يەردە ئۇرۇش قەھرىمانلىرى ھەم ۋەقەشۇناس كىشىلەرنى كەڭ دائىرىلىك زىيارەت قىلىپ، مىللىي ئارمى- يىنىڭ ئازادلىق ئۇرۇشى ھەققىدە بىرىنچى قول مول ماتې- رىيال توپلىدى ھەم رەتلىدى. بۇ جەرياندا ئۇ يەنە «ئى- لىمگە ئىلھام»، «ئاسارەتتە تۇرۇپ قالغانلارغا خىتاب»، «ياشلاردىن ئىلتىماس»، «ئورماندىن گۈلباغ» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىپ، ئازادلىق، ھۆرلۈك ئۈچۈن قان كېچىپ جەڭ قىلىۋاتقان قەھرىمانلارنى قىزغىن مەدھىيىلىدى، كۈ- رەشنىڭ جاپالىقلىقى، مۇرەككەپلىكى، ۋە ئۇزۇن مۇددەت- لىكلىكىنى كۆرسىتىپ، خەلق ئاممىسىنى بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە كۈرەش قىلىپ ئازادلىقنىڭ نۇرلۇق تېڭىنى كۈتۈ- ۋېلىشقا چاقىردى. «يۈز مىڭلىغان خەلق، ئىستەك ـ سورد-

قى يوق زالىم پەلەكنىڭ قۇربانى بولغان» قاراڭغۇ رېئاللىق-
نى چوڭقۇر پاش قىلىپ، «خالايىقنىڭ مال - مۈلكىنى ۋە
گۆشىنى يېمەكچى» بولغان شاياتون قازىدەك زۇلۇم ئەربابلى-
رى» نىڭ هامان خەلقنىڭ «ئىنتىقام سىرتمىقى» دىن قۇتۇ-
لالمايدىغانلىقىنى كۆرسەتتى.

نىمشېھىت شېئىرىيەتتىكى يۇكسەك تالانتى، تۇز، ئو-
چۇق - يورۇق، سەمىمىي مىجەزى بىلەن مىللىي ئارمىيە
ئىچىدە زور ئىناۋەت تىكلىگەنىدى. ئۇ چۆچەكتە تەكشۈرۈش
ئېلىپ بېرىۋاتقان مەزگىلدە، چۆچەك ھەربىي رايونى قاچ-
قۇن، دەپ قارالغان بىر ئەسكەر ئۇستىدىن سوت ئېچىپ،
ئۆلۈم جازاسى بەرمەكچى بولدى. نىمشېھىت ئەھۋالنى ئۇق-
قاندىن كېيىن، بەزى پاكىتلارنىڭ مۇۋاپىق بېكىتىلمىگەنلى-
كىنى ھېس قىلىپ ئۆلۈم جازاسىنى قاماق جازاسىغا ئۆز-
گەرتىش ھەققىدە تەكلىپ بەردى. ھەربىي سوت قايتا قاراپ
چىقىپ ئۇنىڭ پىكرىنى يوللۇق دەپ قارىدى. كېيىنكى سوتتا
ئۆلۈم جازاسى بىكار قىلىنىپ، قاماق جازاسى بېرىلگەنلىكى
ئېلان قىلىنغاندا، پۈتۈن مەيدان تەۋرەپ، كىشىلەر قەلبى
خۇشاللىققا چۆمدى.

1948 - يىلى 8 - ئايدا غۇلجىدا ئەخمەتجان قاسىمىنىڭ
رەھبەرلىكىدە «شىنجاڭدا تىنچلىق، خەلقچىللىقنى ھىمايە
قىلىش ئىتتىپاقى» قۇرۇلدى. نىمشېھىت ئىتتىپاققا ئاك-
تىپلىق بىلەن ئەزا بولۇپ قاتناشتى ھەم بۇ تەشكىلاتنىڭ
نەشر ئەپكارى بولغان «ئىتتىپاق» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغاندا-

دا، تەھرىر ھەيئەتلىك ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئېلىپ ئىشلى-دى.

ئاشۇ يىللاردا، نىمشېھىت قولىغا قورال ئېلىپ بەزى ھەربىي يۈرۈشلەرگە قاتناشتى. يەنە بىر تەرەپتىن قەلىمىنى توختاتماي، «مىلىك ئۆي ۋە پەرھاد - شېرىن» داستانىنى تولۇقلاپ يېزىپ، «ئىلى گېزىتى»دە ئېلان قىلدى. كېيىن ئۇنى يازغۇچى زۇنۇن قادىرىنىڭ تەشەببۇسى بىلەن 3 مىڭ نۇسخا باستۇرۇپ تارقاتتى. ئاقسۇدا يېرىم يولدا ئۈزۈلۈپ قالغان «مىلىك ئۆي ۋە پەرھاد - شېرىن» ئوپېراسىنى يېزىپ پۈتتۈرۈپ، «لەيلى - مەجنۇن» ئوپېراسى بىلەن بىرلىكتە ئىلى سەھنىلىرىدە ئامما بىلەن يۈز كۆرۈشتۈردى. ئۇنىڭدىن باشقا، «ئىلىم ئۆگەن»، «ھەپىسىدە كەتكەن دوستۇم ل. مۇتەللىپكە»، «ئالدىدا»، «جىنايەتتىن شكايەت»، «ۋەتەن قۇربانلىرى خاتىرىسىگە»، «ئويغان»، «قەبرىدىن ئاۋاز»، «ئالدىدا»، «قەلەمنىڭ توۋىسى»، «سەپەردىكى يارىمغا» قاتارلىق كۆپلىگەن نادىر شېئىرلارنى يازدى.

نىمشېھىت كلاسسىك ئەدەبىيات ۋە خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىغا دائىر بىلىملەرنى ناھايىتى پىششىق بىلەتتى. نۇرغۇن ماقال - تەمسىل، قوشاق، لەتىپە، تېپىشماق، داستانلارنى توپلىغاندىن تاشقىرى، خېلى كۆپ خەلق چۆچەكلىرىنىمۇ ئېسىدە ياخشى ساقلىغانىدى. ئۇ «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىدا «يىلان مۇڭگۈزى» قاتارلىق ئۇيغۇر خەلق چۆچىكىنى ئېلان قىلغاندىن كېيىن، «رەممال» ناملىق خەلق چۆچىكىنىمۇ

ئايرىم كىتابچە قىلىپ بېسىپ تارقاتتى. ئۇنىڭ بۇ ئەمگىكى خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنى توپلىغۇچىلار ئۈچۈن ياخشى بىر ئۈلگە بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن «ئىتتىپاق» ژۇرنىلىدا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئۈچۈن مەخسۇس بەت ئاجرىتىلدى.

ئىمشېھىت ئەرمىيا داموللا ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابىنىڭ رەھبىرى ئەخمەتجان قاسىمى بىلەن قويۇق شەخسىي دوستلۇق ئورناتقانىدى. ئىشەنچلىك ئۇچۇرلارغا قارىغاندا، ئەخمەتجان قاسىمى بېيجىڭغا سىياسىي كېڭەش يىغىنىغا مېڭىشىنىڭ ئالدىدا ئىمشېھىتنى ھۇزۇرىغا چاقىرتىپ ئۇزۇن پاراڭلاشقان ھەم ئۆزى ياخشى كۆرىدىغان قەلىمىنى يادىكار قىلغان. 1949 - يىلى 8 - ئاينىڭ 27 - كۈنى ئەخمەتجان قاسىمى قاتارلىق بەش كىشى چىققان ئايروپىلان سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى چېگرىسى ئىچىدە ھادىسىگە ئۇچراپ ھەممىيلەن قازا قىلدى. بۇ شۇم خەۋەر يېتىپ كېلىش بىلەن تەڭ پۈتكۈل شىنجاڭ ئېغىر مۇسىبەتكە چۆمدى. شائىر ئىمشېھىت قەلبىدىكى چوڭقۇر قايغۇ - ھەسرەت ۋە سېغىنىشىنى «مەرسىيە»، «رەھبەر خاتىرىسىگە» قاتارلىق شېئىرلارنى يېزىش ئارقىلىق ئىپادىلىدى.

1949 - يىلى 10 - ئاينىڭ 1 - كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلدى. شائىر بۇ ئۇنتۇلماس كۈننى ھەر مىللەت خەلقى بىلەن بىر قاتاردا تەنتەنە ۋە بايرام خۇشاللىقىغا چۆمگەن ھالدا كۈتۈۋالدى.

# يۇرتىغا قايتىش

نىمشېھىت ئادىمىيلىكنى، چىن ئىنسانىي خىسلەتنى ياشاش مۇددىئاسىنىڭ ئالىي مىزانى قىلغانىدى. ئۇ ھاياتىدا ھوقۇق ـ مەنسەپ، بايلىقنى دەپ ۋىجدانىنى ساتىدىغان ئىش-نى قىلمىغانىدى. ئازادلىقتىن كېيىن ئۇ مىللىي ئارمىيە بىلەن بىللە ئۈرۈمچىگە بېرىپ ئولتۇراقلاشقان بولسا، يۇقى-رى ئابرۇيى ۋە سالاھىيىتى بىلەن تېگىشلىك ئورۇنغا ئېرى-شىدىغانلىقى تۇرغانلا گەپ ئىدى. بىراق، ئۇ ئۇنداق قىلمى-دى. كىندىك قېنى تۆكۈلگەن ئاشۇ تۇپراقنى، ئاق كۆڭۈل يۇرتداشلىرىنى، سۆيۈملۈك ئانىسى ۋە قېرىنداشلىرىنى زادىلا ئۇنتۇيالمىدى. ئاددىي پۇقرا بولۇپ ئۇلار بىلەن بىللە تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرۈشنى تولىمۇ ئارزۇ قىلاتتى. شۇ-ڭا، ئۇ 1950 ـ يىلى 4 ـ ئايدا يۇرتى بايغا قايتىپ كېلىپ ئۇرۇق ـ تۇغقان، دوست ـ يارەنلىرى بىلەن ئۇچراشتى.

نىمشېھىتنىڭ بايدىكى ھاياتى شىنجاڭدا ئېلىپ بېرىلغان تۇرلۇك ئىجتىمائىي ئىسلاھات ۋە سوتسىيالىستىك ئۆزگەر-تىش ئىشلىرى بىلەن جىپسىلىشىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىگە:

نىمشېھىت ئۆتمۈشنى قوي، سەن دەمبەدەم ئالدىڭغا باس.
ماغدۇرۇڭ بار، ئالدىدا بول! قالما كەينىدە خالاس.

دەپ خىتاب قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئىلغار ئىدىيىلىك شائىر ۋە جامائەت ئەربابى ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسەتتى.

1952 - يىلى 2 - ئايدا ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان ئۆلكىلىك ھەر مىللەت، ھەر ساھە خەلق ۋەكىللىرى قۇرۇلتىيىغا ئاقسۇ ۋىلايىتىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ قاتناشتى.

دەل شۇ مەزگىلدە، ئۈرۈمچىدە شىڭ شىسەي ۋە گومىنداڭ ئەكسىيەتچى كۈچلىرىنىڭ قولچومىقى، جاللات لى يىنچى؛ ئاقسۇدا لۇتپۇللا مۇتەللىپ ۋە ئابدۇقادىر ئېلى قاتارلىق ئىلغار ياشلارنى قىرغىن قىلغان جاللات ۋۇشاۋېڭلار ئۇستىدىن ئوچۇق سوت ئېچىلدى. سوت يىغىنىغا بىۋاستە دەۋاگەرلىك تۈيغۇسى بىلەن قاتناشقان شائىر نىمشېھىت شىكايەت مۇنبىرىگە چىقىپ، ئۇلارنىڭ ئەكسىلئىنقىلابىي جىنايى قىلمىشلىرىنى پاش قىلدى ۋە نۇتقىنى 1946 - يىلى 8 - ئايدا ئىلىدا يازغان «ئالدىدا» دېگەن شېئىرى بىلەن ئاخىرلاشتۇردى.

ئۇنىڭ غەزەپ، قىساس روھى بىلەن سۇغۇرۇلغان شېئىري مىسرالىرى پۈتۈن يىغىن مەيدانىنى لەرزىگە كەلتۈردى، خەلق ئاممىسى ئىچىدىن جەڭگىۋار شوئارلار ياڭرىدى.

شۇ يىلى خەلقىمىزنىڭ دۇنياۋى بىباھا گۆھىرى «12 مۇقام» ۋە «مۇقام تېكىستلىرى»نى قۇتقۇزۇش، رەتلەش

ئىشلىرى جىددىي كۆنتەرتىپكە قويۇلدى. شائىر نىمشېھىت بۇ خىزمەتكە ئاكتىپ ئىشتىراك قىلدى ۋە مۇشۇ ئىش مۇنا-سىۋىتى بىلەن 1952 - يىلى 11 - ئايدا ئايرىلغىلى 20 يىلغا يېقىن بولغان قەشقەرگە كەلدى. ياشلىقىدا ئاجايىپ قىسمەت-لەرنى باشتىن كەچۈرگەن بۇ ئەزىزانە يۇرتقا ئۇنىڭ مۇھەببى-تى چوڭقۇر ئىدى. ئۇ بۇ يەردە ئۆزى كۆپ ماڭغان رەستە-كوچىلارنى، ئوقۇغان، يېتىپ - قوپقان مەدرىسە، ئۆيلەر-نى، زۇلۇمغا قارشى جەڭ قىلىپ قېنى تۆكۈلگەن جايلارنى كېزىپ چىقتى. تونۇش - بىلىش، دوست - بۇرادەرلىرىنى يوقلىدى. يېڭىدىن قۇرۇلغان پەننىي مەكتەپلەرنى، خۇشال-خۇرام ئوقۇۋاتقان ئۆسمۈر - بالىلارنى كۆرۈپ چەكسىز هايا-جانلاندى، قەلبى ئۈمىد بىلەن تولدى. ئۇنىڭ قەشقەر كونا-شەھەر 6 - باشلانغۇچ مەكتىپىگە بېغىشلاپ يازغان «مەكتەپ ئىلھامى» دېگەن شېئىرى شۇ يىللارنىڭ خاتىرىسى ئىدى.

نىمشېھىت شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى 1955 - يىلى شىن-جاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانغا قەدەر گاھى بايدا، گاھىدا ئۈرۈمچىدە بولدى. قەيەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، قەلەمنى يېنىدىن ئايرىماي ئىجادىيەت بىلەن ئاكتىپ شۇغ-ۇللاندى، «لەززەت ئالغاندا»، «بىر دىلبىرىمگە»، «ئۇسۇل»، «قېيىقچى بوۋاي پىلىڭ»، «بەخت تويى»، «مۇ-ھەببەت ئىپادىسى» قاتارلىق شېئىر - بالادالار شائىرنىڭ يېڭى دەۋرگە بولغان ئوتتەك قىزغىن مۇھەببىتىنىڭ ئىپادى-سى ئىدى.

ئاشۇ يىللاردا، شائىرنىڭ ئەل ئارىسىدىكى ئىناۋىتى تېخىمۇ ئۆستى. پارتىيە ـ ھۆكۈمەت ئۇنىڭغا ھەر جەھەتتىن سەمىمىي غەمخورلۇق قىلدى. ئۇ داۋاملىق تۇردە شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ۋەكىللەر قۇرۇلتىيىنىڭ ۋەكىلى، ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى، ھەيئەت ئەزاسى، مەركىزىي ئىسلام دىنى جەمئىيىتىنىڭ ھەيئەت ئەزاسى ۋە 3 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ ئەزاسى قاتارلىق يۇقىرى سالاھىيەتكە ئىگە بولدى.

# مۇقەددەس ھەج سەپىرىدىكى سىغىنىش

1956 ـ يىلى 52 ياشقا كىرىپ قالغان نىمشېھىت ئۇچۇن ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە بىر يىل بولدى. ئۇ جۇڭگو ھەج، زىيارەت ئۆمىكى تەركىبىدە مەككە مۇكەررەمگە بېرىپ ھەج قىلىش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. بۇ ئۇنىڭدەك بىر تەقۋادار مۇسۇلمان، دىنىي ئەرباب ئۇچۇن ھاياتىدىكى ئۇلۇغ ئىشلار-نىڭ بىرى ھېسابلىناتتى. ئازادلىقتىن ئىلگىرى ئۇ ھەج قىلىشنى ئويلىغان بولسىمۇ، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ناچار-لىقىدىن ئارزۇسىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانىدى.

ئۇ شۇ يىلى 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا بەش مىللەتتىن بولغان 37 كىشىلىك ئۆمەك ئىچىدە بېيجىڭدىن ھەج سەپە-رىگە ئاتلاندى. بۇ ئۇنىڭ دۆلەت چېگراسىدىن تۇنجى قېتىم ھالقىشى ئىدى. ئايروپىلان ئاپئاق بۇلۇتلارنى پەستە قالدۇ-رۇپ، يىراقلارغا پەرۋاز قىلىشقا باشلىغاندا، ئۇنىڭ قەلبى ھەج قىلىشقا بولغان ئىنتىلىش بىلەن ۋەتەندىن ئايرىلىش ھېسسىياتى گىرەلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ تۇيغۇ ئىچىدە دولقۇنلاشقا باشلىدى. ئىككى ئايدىن كۆپرەك سەپەر جەريانى-

دا، ئۇ 10 غا يېقىن دۆلەتنى زىيارەت قىلدى، نۇرغۇنلىغان يېڭىلىقلارنى كۆرۈپ نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتتى. ىىراق، ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ ۋەتەندىن ئايرىلغان چاغدىكى تەسىرلىك ئۇزىتىش مەنزىرىسى، دوست قوشنا ئەللەرنىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشى، ھەشەمەتلىك دۆلەت زىياپىتى، پادى-شاھ قوبۇل قىلغاندىكى دەبدەبىلىك مۇراسىملار بىر - بىر-لەپ كۆز ئالدىغا كېلىپ، ئاخىرىدا بىر بۈيۈك سىما ئۇنىڭ قەلبىنى، ۋۇجۇدىنى ئىگىلىدى. ئۇ ئۇلۇغ ۋەتەننىڭ — مۇقەددەس ئانا تۇپراقنىڭ سىماسى ئىدى. ئۇ ھاياجانلانغان، كۆزىگە ياش ئالغان ھالدا شۇنداق خىتاب قىلدى: «ھەج قىلىش مۇقەددەس ئىش، ئەمما ھەممىدىن ئۇلۇغى ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت!»

شۇ يىلى 8 - ئايدا، ئۇ ئەرەبىستان — تورى سىنا ئارىلىقىدا ھەج سەپىرىدىكى تەسىرلىك كەچۈرمىشى بىلەن ۋەتەنگە بولغان ئوتتەك مۇھەببىتى گىرەلىشىپ كەتكەن «سېغىندىم» ناملىق مەشھۇر شېئىرىنى يازدى.

ئۇلار سەپىرىنى داۋاملاشتۇرۇپ مىسىرغا — قاھىرەگە كەلدى. بۇ چاغدا ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بۆشۈكلىرىدىن بولغان بۇ قەدىمىي دۆلەت ئەنگلىيە، فرانسىيە، ئىسرائىلىيە بىرلەشمە ئارمىيىسىنىڭ تاجاۋۇزىغا قارشى ئۇرۇشقا ئاتلانغا-نىدى. نىمشېھىت ئەرمىيا داموللام ئۆمەك بىلەن بىللە قاھى-رەدە ئېچىلغان تاجاۋۇزچىلىق ئۇرۇشىغا قارشى ئاممىۋى يىغىن ۋە نامايىشقا قاتناشتى. يىغىن ئاخىرىدا ئۇ «ئەلئېھ-

رام» گېزىتى مۇخبىرىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن ئۇرۇشقا قار-
شى مەزمۇندا بىر پارچە شېئىر يازدى. بۇ شېئىر شۇ گېزىت-
كە بېسىلىپ، نىمشېھىت تۇنجى قېتىم ئەرەب خەلقىگە تو-
نۇشتۇرۇلدى.

مىسىرنىڭ قەدىمكى رىۋايەتلەرگە تۇتىشىپ كېتىدىغان
سېھىرلىك تارىخى، ئۆزگىچە تەبىئىي مەنزىرىسى، گۈزەل
نىل دەرياسى ۋادىسى، ئادەم ئەقلىنى لال قىلىدىغان ھەيۋەت-
لىك پىرامىدالار شائىر قەلبىدە ئۆچمەس تەسىراتلارنى قال-
دۇردى. ئۇ فىرئەۋىن مەقبەرىسىنى زىيارەت قىلغاندا، تې-
خىمۇ ئۆزگىچە تەسىراتتا بولدى. قەدىمكى مىسىر پادىشاھ-
نىڭ سىرلىق مۇردىسى ئادەمنى ئىختىيارسىز ئەيمىنەندۇرەت-
تى. ئۇتتۇرلا كەلگەن ئادەم بېرىپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلال-
مايتتى. بىراق، شائىر نىمشېھىت ئەينى زاماندا كۆرەڭلەپ
جاھانغا پاتماي قالغان بۇ پادىشاھنىڭ كرىستال ساندۇقتا
ساقلىنىۋاتقان جەسىتىنى ھەممىسىدىن ئۇزۇن، تەپسىلىي
كۆرۈپ چىقتى. كۆڭلىدە: «فىرئەۋىن دېسە قانچىلىك چوڭ-
كىن دېسەم، بىزچىلىكلا ئادەم ئىكەنغۇ؟» دەپ ئويلىدى
يۇمۇرلۇق تۇيغۇ بىلەن. مۇردىنىڭ ئاياغ تەرىپىگە كەلگەندە،
كرىستال ساندۇقنىڭ بارماق پاتقۇدەك يوچۇقىغا كۆزى چۈش-
تى. قىزىقىشى كۈچىيىپ، چاققانلىق بىلەن جەسەتنىڭ تا-
پىنىدىن بىر چىمدىم توپا يۇلىۋالدى. سىرتقا چىققاندا ئىن-
چىكىلىك بىلەن كۆرۈپ بېقىپ دەرەخنىڭ پورىخا ئوخشايدى-
غان نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىپ، خىياللارغا چۆمدى...

1956 ـ يىلى 9 ـ ئايدا نىمشېھىت چەت ئەلدىكى ھەج ـ
زىيارىتىنى غەلىبىلىك ئاخىرلاشتۇرۇپ ۋەتەنگە قايتىپ كەل ـ
دى ھەم يىل ئاخىرىغىچە بېيجىڭدا تۇرۇپ قالدى. شۇ مەز ـ
گىلدە ئۇنىڭ ھاياتىدا يەنە بىر ئۇنتۇلماس ئىش يۈز بەردى.
12 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى كەچ سائەت 4 تە، ماۋزېدۇڭ
خۇەيرېنتاڭدا نىمشېھىت قاتارلىقلارنى قوبۇل قىلدى، بۇ شۇ
دەۋردىكى جۇڭگولۇقلار ئۇچۇن شان ـ شەرەپنىڭ يۇقىرى
پەللىسى ئىدى. شائىرنىڭ كېيىنكى يىلى 4 ـ ئايدا بايدا
يازغان «ئۇنتۇلماس كۈن» دېگەن شېئىرى ئاشۇ بەختلىك
مىنۇتلارغا بېغىشلانغانىدى.
شۇنىڭدىن تارتىپ تاكى 1962 ـ يىلىغىچە نىمشېھىت
ئەرمىيا ئېلى ئۇرۇمچى ھەم بايدا تۇرلۇك ئىجتىمائىي پائالى ـ
يەتلەرگە ئاكتىپ قاتنىشىپ، ئوي ـ خىياللىرىنى، تەسى ـ
راتلىرىنى شېئىر ئارقىلىق ئىپادىلىدى. ئاشۇ يىللاردا ئۇ ـ
نىڭ «ۋەتەن مۇھەببىتى»، «شېئىرلار» قاتارلىق توپلامل ـ
رى نەشر قىلىندى. بىر تۈركۈم شېئىرلىرى خەنزۇچىغا
تەرجىمە قىلىنىپ، «شېئىرىيەت» ژۇرنىلىدا ئېلان قىلى ـ
نىپ، ئېلىمىزدىكى نەچچە يۈز مىليون كىتابخانلارغا تونۇش ـ
تۇرۇلدى. بۇ شېئىرلار شۇ چاغدا شېئىرىيەتنى ئالاھىدە
سۆيىدىغان مۇئاۋىن زوڭلى چېن يى ئاقساقالنىڭ يۇقىرى
باھاسىغا ئېرىشكەنىدى. مەشھۇر شائىر يۈەن يىڭ ئۇنىڭ
شېئىرلىرىنىڭ تەرجىمىسىنى ئوقۇغاندىن كېيىن «ئەدەبى ـ
يات ـ سەنئەت گېزىتى» دە ئېلان قىلغان بىر ماقالىسىدە

مۇنداق دەپ يازدى: «مەن نۇرغۇن قېرىنداش مىللەت شا-
ئىرلىرىنىڭ شېئىرلىرىنى ئوقۇغان. بۇ شېئىرلارنىڭ بەزد-
لىرىدە كونا جەمئىيەتنىڭ زۇلمىدىن شىكايەت قىلىنغان.
بەزىلىرىدە يېڭى دەۋردىكى شاد ـ خۇراملىق مەدھىيىلەنگەن.
بەزىلىرىدە شۇ مىللەتنىڭ قەھرىمانلىق رىۋايەتلىرى بايان
قىلىنغان. بەزىلىرىدە شۇ مىللەتنىڭ ئۆرپ ـ ئادەت ۋە
مۇھەببەت ـ نەپرەتنى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، ھەممە يەردە
داقا ـ دۇمباق ياڭرىغان، ھەممە ياقنى نەغمە ـ ناۋا قاپلىغان
ئاجايىپ گۈزەل مەنزىرىنى شەكىللەندۈرگەن. بۇ نەغمە ـ
ناۋالار ئىچىدە گاھ كۆتۈرۈلۈپ، گاھ پەسىيىپ، گاھ ئاستىد-
لاپ، گاھ كۈچىيىپ كىشىنىڭ يۈرەك تارىنى چېكىدىغان،
قەلبىنى ھاياجانغا سېلىپ، تومۇردىكى قېنىنى ئۇرغۇتىدىغان
ۋە بىزدە ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزگە، ئۇلۇغ خەلقىمىزگە مۇھەببەت
ئويغىتىدىغان بىر سادا بار. بۇ سادا نىمشېھىت شېئىرلىرد-
دۇر.»

# ئامان قالغان تەۋەررۈك

1968 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى شائىر نىمشېھىت ئۆزى يازغان «رۇبائىي ۋە پارچىلار» غا مۇنداق ئىزاھات بەرگەن: «مەن 1963 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن باشلاپ ئاز ـ تولا رۇبائىي يېزىشقا كىرىشكەنىدىم. 1966 ـ يىلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە تەخمىنەن 300 دىن ئارتۇق رۇبائىي يازغان بولساممۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى زايە بولۇپ كەتتى، بۇ دەپتەرنىڭ باش تەرىپىگە شۇنىڭدىن ئەسلىيەلىگەنلىرىمنى خاتىرىلەپ چىقتىم. 17 ـ بەتتىن تۆۋەنگە يەنە يېڭىدىن يېزىشقا كىرىشتىم. ھازىر بۇرۇنقىدەك يېزىش قابىلىيىتىم يوق. بىر ئاز چارچىغانلىقتىن ئاندا ـ ساندا يېزىپ كەلگۈسى ئۈچۈن يادىكار قالدۇرسام، دېگەن ئۈمىدىم بار.»

ئەمەلىيەتتە ئاشۇ بەش يىل شائىرنىڭ ئىجادىيەتتىكى يۇقىرى پەللىسى، مول ھوسۇللۇق مەزگىلى بولغانىدى. ئۆزى ئېيتقاندەك، 300 دىن ئارتۇق رۇبائىي يېزىپلا قالماي، يەنە 2000 كۇپلېتقا يېقىن «يۈسۈپ ـ زىلەيخا» داستانىنى، 12 مىڭ مىسرالىق «گۆر ئاغزىدىن يانغاندا» رومانىنىڭ 3000 مىسراسىنى يېزىپ قولدىن چىقارغان

ھەمدە «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن» داستانىنى ئاخىرقى قېتىم تولۇقلاپ يېزىپ 2000 مىسرا بىلەن تاماملىغان. بىراق، «مەدەنىيەت ئىنقىلابى» باشلىنىشى بىلەنلا ئۇنىڭ بۇ قىممەتلىك قولىيازمىلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ كۆيدۈرۈپ تاشلانغان، شائىرنىڭ «زايە بولۇپ كەتتى» دېگىنى شۇ ئىدى. ئۇنداقتا «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن» قانداق قىلىپ ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ بۈگۈنگىچە ئۇلىشالىغان؟

نىمشېھىت بۇ داستاننى تۇنجى قېتىم 1933 ـ يىللىرى قەشقەردە باشلىغان بولۇپ، 500 مىسراسىنى پۈتتۈرگەنلىكى مەلۇم. بىراق، ئۇلار ئۇرۇش مالىمانچىلىقىدا باشقا قولىيازمىلىرى بىلەن يوقالغان. 2 ـ قېتىم 1944 ـ يىلى ئاقسۇدا مىڭ مىسرا ئەتراپىدا يېزىلغان بولۇپ، لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ قوللىشى بىلەن «ئاقسۇ گېزىتى»نىڭ «جەنۇب شامىلى» ئەدەبىيات بېتىدە تولۇق بېسىلغان. 3 ـ قېتىم 1947 ـ، 1948 ـ يىللىرى ئىلىدا تولۇقلاپ يېزىلغىنى 1448 مىسرا بولۇپ، «ئىلى گېزىتى»نىڭ «ئۆسۈش» ناملىق ئەدەبىيات بېتىدە تولۇق بېسىلغان. ئارقىدىنلا 3000 نۇسخا كىتابچە قىلىنىپ بېسىپ تارقىتىلغان. 4 ـ قېتىملىقى 1967 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ بېشىدىكى بىر جۈمە كۈنى تاماملانغان بولۇپ، ھەجمى 2000 مىسراغا يەتكۈزۈلگەن. دېمەك، شائىر ئەسەر ئۈستىدە ئۆمۈر بويى دېگۈدەك ئىزدەنگەن. ئۇ ئالدى بىلەن «پەرھاد ـ شېرىن» توغرىسىدىكى رىۋايەتلەرنى داستان قىلىپ يېزىپ زور شۆھرەت قازانغان

ئۇبۇلقاسىم فىردەۋسى، نىزامى گەنجىۋى، خىسراۋ دىھلە-
ۋى، زەپەر خارەزىمى، ئەلىشىر ناۋايى، ئابدۇرېھىم نىزارى
قاتارلىق ئۇلۇغ سەنئەتكارلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئىخلاس بىلەن
ئۆگەنگەن. ھەر خىل تىل ۋە ئۇسلۇب بىلەن يېزىلغان ئە-
سەرلەرنى بىر - بىرىگە ئەستايىدىل سېلىشتۇرۇپ، ئۇلار
ئوتتۇرىسىدىكى ئوخشاشلىق ۋە پەرقلەرنى تېپىپ چىقىپ،
تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلىگەن. ئوخشاشمىغان مىللەت
ۋە دۆلەتكە تەۋە شائىرلارنىڭ بۇ رىۋايەتنى ھەر خىل مەزمۇن
ۋە شەكىل بىلەن يېزىپ چىقىپ، ئۇنىڭغا ئۆزلىرىنىڭ مىل-
لىي ھەم دەۋر تامغىلىرىنى قانداق باسقانلىقىنى چۈشەنگەن.
شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ باشقىچە يول تۇتۇپ، ئىجادىيەتتە
مۇستەقىل يېڭىلىق يارىتىشقا بەل باغلىغان. گەرچە، بۇ
تېمىدا ئەسەر يازغانلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك دۇنياۋى شۆھ-
رەت قازانغان ئۇلۇغ شائىرلار بولسىمۇ، نەمشېھىت ئۇلارغا
قارىغۇلارچە چوقۇنمىغان، تەقلىد قىلمىغان، ئەكسىچە ۋەقە-
لىكلەرنى ئەسلىي قىياپىتى بويىچە چىنلىق بىلەن ئەكس
ئەتتۇرۇپ، «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد - شېرىن» رىۋايىتىنىڭ
مەنبەسى، تارقىلىش دائىرىسى، مىللەت ۋە دۆلەت تەۋەلىكى
توغرىسىدا ئۆزىنىڭ ئېنىق قارىشىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئە-
سەرنىڭ خاتىمە قىسمىدا:

...........

باشقا جايلارنىڭ بارمۇ مىڭ ئۆيى،

ياكى تاغ كېسىپ ئۆتكۈزگەن سۈيى،

......................

بارمۇ يە، يانا ۋەقەگە لايىق،
بارمۇ مۇشۇنداق سۇ ئاقار سايلىق؟!

كۆرسەتسە بۇنداق ئۆتمۈشنى هايات،
باشقا جايلاردا دەپ يېزىش ئۇيات.

......................

تېخى ناۋايى بىر كىتاب يازغان،
ئۇ زات «خەمسە» دە خوتەننى قازغان.

تېگى - تەكتىنى سۈرۈشتۈرمىگەن،
شېرىننى ئەرمەن قىزىدۇر دېگەن.

ئوقۇسالڭ ئەگەر ئەرمەن تارىخىن،
هېچبىر يېرىدە دېمىگەن شېرىن.

باشقا جايلارغا بۇ زات هەم باققان،
بۇرۇنقىلارنىڭ ئېقىمىدا ئاققان.

......................

بۇرۇنقىلاردا بولدى بىر ئېزىش،
مەشهۇر جايلارغا تاقاپلا يېزىش.

مۇئەللىپلەرنىڭ بۇ ھەم يولى،
ئىچىگە قاراپ ئېگىلگەن قولى.

ھەقىقەت بۇنى رەت قىپ تاشلايدۇ،
توغرا يول بىلەن ئەلنى باشلايدۇ.
......................

دەپ يېزىش ئارقىلىق ئۇلۇغ شائىر ناۋايىنىڭ سەۋەن-لىكلىرىگە ئۆكۈنگەن ھەم ئۇنى قىلچە يۇز خاتىرە قىلماستىن تەنقىدلىگەن. ئاندىن:

مەن ھەم مىڭ ئۆيىنىڭ سۆيۈملۈك يارى،
شۇنىڭچۇن قىلدىم قەلەمنى جارى.
......................
بۇنىمۇ ھېچكىم ئىنكار ئېتەلمەس،
شېرىننى ئەرمەن قىزى دېيەلمەس.

پەرھاد ھەققىدە گەپمۇ ساتالماس،
چەت ئەللىك ئۇ دەپ تۆھمەت قىلالماس.

تارىم بويىدا ياشىغان ئۇلار،
بۇرۇن مىڭ ئۆينى ياسىغان ئۇلار.

مېنىڭ مىڭ ئۆيۈم، مېنىڭ پەرھادىم،
مېنىڭ شېرىنىم، مېنىڭ سەييارىم.

مېنىڭ كۇچارىم، مېنىڭ خوتىنىم،
مېنىڭ شاھيارىم، مېنىڭ ۋەتىنىم.
........................

دېيىش ئارقىلىق ئەسەردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللىي روھنىڭ تۇسىنى قويۇقلاشتۇرغان. بۇنىڭ بىلەن داستاننىڭ بەدىئىي ھەم تارىخىي قىممىتىدە زور يۇكسىلىش بارلىققا كەلگەن. مۇشۇنداق يۇقىرى قىممەتكە ئىگە مەنىۋى بايلىق «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» دا رەھىمسىزلىك بىلەن كۆيدۇرۇپ تاشلانغان بولسىمۇ، كۇتۇلمىگەندە روزى ھاپىز ئىسىملىك ئاددىي بىر ئوقۇتقۇچى تەرىپىدىن قۇتقۇزۇپ قېلىنغان. باي ناھىيىسىنىڭ قىزىل يېزىلىق ئوتتۇرا مەكتىپىدىن پېنسىيىگە چىققان، ھازىر 70 لەرگە يېقىنلىشىپ قالغان روزى ھاپىز ئەپەندى ئەينى چاغدىكى ئەھۋاللارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ:

«مېنىڭ بۇ داستان بىلەن بولغان تونۇشلۇقۇم 1950-يىلى باشلانغان. شۇ چاغدا ئىلىدىن قىزىلغا قايتىپ كەلگەن مىللىي ئارمىيىنىڭ ئابدۇراخمان ئىسىملىك ئوفىتسېرىدىن ‹مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد - شېرىن› داستانىنىڭ مەتبەئەدە بېسىلغان نۇسخىسىنى ئالغان ھەم ئۇنى زور قىزىقىش بىلەن

ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتكەنىدىم. ئۇزۇن ئۆتمەي ئۇنىڭ ئاپتو-
رى بىلەن كۆرۈشۈپ قالىدىغانلىقىمنى ئويلىماپتىكەنمەن.

1951 - يىلى 5 - ئاينىڭ ئاخىرى، قىزىل باشلانغۇچ
مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىم ئىدى. ئەتىگەن سائەت 10
لاردا تۆت ئاتلىق كىشى مەكتەپكە كىرىپ كەلدى. ئۇلار
مەكتەپ مۇدىرى بىلەن يېرىم سائەت ئىشخانىدا ئەھۋاللاشقان-
دىن كېيىن، مەيدانغا چىقىپ ئوقۇغۇچىلارنى كۆزدىن كە-
چۈردى. بىز رەتلىك تىزىلىپ تۇردۇق ھەم مەكتەپ مۇدىرى-
نىڭ تونۇشتۇرۇشىدىن ئۇچىسىغا نەشە رەڭ پەلتۇ، بېشىغا
يېشىل دۇخاۋا ئىلى دوپپىسى، پۇتىغا ئۇزۇن قونچىلىق
چىگرىن ئۆتۈك (كۆن ئۆتۈك مەنىسىدە) كىيگەن، كەكە
ساقال، ئورۇقراق، بۇرۇت قويغان، قاڭشارلىق، كۆزلىرى
چوڭ - چوڭ، ئوتتۇرا بوي، زىلۋا كەلگەن كىشىنىڭ نىم-
شېھىت ئەرمىيا داموللا ئىكەنلىكىنى بىلدۇق. ئۇ بىزگە
قاراپ كۈلۈمسىرەپ:

— ھە بالىلىرىم، ياخشى تۇردۇڭلارمۇ؟ سىلەر دۆلەت-
نىڭ خوجىلىرى، ياخشى ئوقۇڭلار. مەكتەپتىن قالماڭلار،
ئىقتىدارلىق ئادەم بولۇڭلار، — دېدى ۋە شۇ مەزمۇندا بەش
مىنۇتچە سۆزلىدى. شۇ چاغدا ئۇ ناھىيىلىك سىياسىي كې-
ڭەشنىڭ ئەزاسى بولۇپ، مائارىپ ئىدارىسىدىكىلەر بىلەن
بىللە كەلگەنىكەن. مەن قاتتىق ھاياجانلاندىم، ئۇنىڭغا بول-
غان ھۆرمىتىم تېخىمۇ ئاشتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ
ئەسەرلىرىنى، بولۇپمۇ «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد - شېرىن»،

داستاننى يېنىش - يېنىشلاپ ئوقۇشقا، يادلاشقا كىرىشتىم.

ئارىدىن تۆت يىل ئۆتكەندىن كېيىن باي ناھىيىلىك ئوتتۇرا مەكتەپكە قوبۇل قىلىندىم. ئەدەبىياتقا بولغان ئىشتىياقىنىڭ تۈرتكىسىدە، مەلۇم بىر كۈنى نىمشېھىت ئەرمىيا داموللامنى ئىزدەپ باردىم. ئۇ شەھەر ئىچىدىكى بىر ئۆيدە ۋاقىتلىق ئولتۇرۇۋاتقانىكەن. سالام - سائەتتىن كېيىن ئەھۋاللاشتۇق، ئۆتكەن كۈنلەرنى ئەسلەشتۇق. گېپىمىز بارا - بارا ئەدەبىياتقا، ئاندىن «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد - شېرىن» داستانىغا كۆچتى، مەن يادلىۋالغانلىرىمدىن ئازراق دېكلاماتسىيە قىلىۋىدىم، ئۇ ناھايىتى خۇشال بولدى...

1956 - يىلى ئەتىيازدىن باشلاپ مەكتىپىمىزدە ئەدەبىي پائالىيەتلەر تولىمۇ جانلىنىپ كەتتى. بىز تەكلىپ قىلساقلا، ئۇ كەمتەرلىك بىلەن كېلىپ قاتنىشىپ بېرەتتى ھەم كۆيۈمچان ئۇستاز سۈپىتىدە بىزنى يېتەكلەيتتى...

نىمشېھىت ھەج سەپىرىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ دەم ئېلىش، تەتىل كۈنلىرى ئىزدەپ تۇردۇم. بارا - بارا ئوتتۇرىمىزدا چوڭقۇر دوستلۇق، ئۇستاز - شاگىرتلىق مۇناسىۋەت شەكىللىنىشكە باشلىدى. ھەر قېتىم ئىزدەپ بارغاندا ئۇزاق پاراڭلىشاتتۇق. بەزىدە قولىيازمىلىرىنى كۆچۈرۈپ بېرەتتىم. ئىشلىرىنى قىلىشاتتىم. 1958 - يىلى ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ ناھىيە بازىرىغا يېقىن كانچى ئوتتۇرا مەكتىپىگە تەقسىم قىلىندىم. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق ئىزدەپ تۇردۇم. «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد - شېرىن» داستانىنى قايتا

تولۇقلاپ يازغاندا، مەن يەنە داۋاملىق كۆچۈرۈپ بەرگەن ھەم يادلاپ ماڭغانىدىم...

بالايىئاپەتلىك يىللار باشلىنىش بىلەن تەڭ ئۇنىڭ كىتابلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ كۆيدۈرۈلدى، مېنىڭ قولۇمدىكى يازمىلارمۇ تارتىۋېلىنىپ يوق قىلىندى.

1970 ـ يىلى 3 ـ ئايدا ئۇنىڭ ئۆيى يەنە بىر قېتىم تەكشۈرۈلۈپ، ساندۇقتا ساقلاۋاتقان مۇھىم كىتابلىرى ۋە يېڭىدىن تولۇقلاپ يازغان «مىلى ئۆي ۋە پەرھاد ـ شېرىن» داستانى بۇلاپ كېتىلدى ۋە بىر مەزگىل جىنايى پاكىت ئورنىدا دەستەك قىلىندى. تەنقىد، كۈرەش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن ئۇرۇش تەييارلىقى ئۈچۈن كولانغان ئۈچ مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى لەخمىگە تۆكۈلۈپ كۆمۈۋېتىلدى ۋە ئۈستىگە سۇ قۇيۇۋېتىلدى. ئۇ داستان بىلەن بىللە يەنە شائىرنىڭ باشقا قولىيازمىلىرى، ئەرەبچە، پارسچە، چاغاتايچە، سلاۋيانچە، تاتارچە كىتابلارمۇ بار ئىدى. شۇ يىلى 7 ـ ئاينىڭ ئاخىرىدا نىمشېھىت ئومباش يېزىسىغا سۈرگەن قىلىندى، مەنمۇ خىزمەتتىن ھەيدىلىپ، قىزىلغا سۈرگۈن قىلىندىم. ئارىلىقتا تۇپتوغرا بىر يېرىم يىل كۆرۈشەلمىدۇق. 1971 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى مەن تۇغقان يوقلاش باھانىسى بىلەن 96 كىلومېتىر يولنى ۋېلىسىپىتلىق بېسىپ ئومباشقا كەلدىم. بىراق، نىمشېھىت بىلەن ئوچۇق ـ ئاشكارا كۆرۈشكىلى بولمايتتى. مەن بىر ئاماللار بىلەن چاندۇرماستىن ئۇنىڭ بار يېرىنى ئېنىقلىدىم. ئۇنى دېھقانلارنى

زەھەرلەپ قويىدۇ، دەپ قورقۇپ بىر پارچە ئورمانلىقتا يال-
غۇز ئىشقا قويغانىكەن.

مەن غىپپىدە ئۇنىڭ ئىشلەۋاتقان يېرىگە باردىم. ئۇ ئورمانلىقنى چاناپ يۇمشىتىۋاتقانىكەن. دەسلەپتە ئۇ مېنى تونۇمىدى. بەكلا ئاجىزلاپ كەتكەن بولۇپ، بەللىرى مۈك-چەيگەن، زاڭاقلىرى ئولتۇرۇشقان، كىيىم - كېچەكلىرى كونا، كۆزلىرى نۇرسىز، قوللىرى تىترەپ، ھاسىراپ تۇ-راتتى. مەن تونۇشلۇق بەرگەندىن كېيىن ئېرىق بويىدىكى قويۇق ئۈسكەن جىگدە تۈۋىدە ئولتۇردۇق. ئۇنىڭغا 500 گىرامچە ناۋات ئالغاچ كەلگەنىدىم. ئۇ تىترەپ تۇرغان قول-لىرى بىلەن ئاستا ئالدى ۋە:

— رەھمەت، موللا روزۇم، كايىپسىز، — دېدى. بى-رەر قۇر ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن ئۇ يەنە:

— سىز ھېلىقى «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد - شېرىن» ھەققىدە يېزىلغان نەرسىنى يادقا بىلەتتىڭىزغۇ - ھە؟ ئۇن-تۇپ قالمىغانسىز؟ — دېدى.

ئۇنىڭ ئاۋازى سەل ئىنچىكە بولۇپ، ئىلى تەلەپپۇزىدا تېز سۆزلەيتتى. سۆزىنىڭ ئاخىرىغا كۆپ ھاللاردا «غۇ» قوشۇمچىسىنى قوشىدىغان ئادىتى بار ئىدى.

— ياق، ئۇنتۇپ قالمىدىم، — دېدىم مەن.

— پات - پات يۇشقۇرۇپ (يادلاپ تۇرۇڭ دېگەن مەنى-دە) يۇرۇڭ، مېنىڭ كۆڭلۇم پاراكەندە، كىتاب، قولىيازمى-لىرىم توگىدى، جاھان تىنجىغاندا يېزىپ قويارسىز، —

دىدى ئۇ ۋە يانچۇقىدىن بىر دانە قەلەمنى ئېلىپ ماڭا سوۋغا قىلدى. شۇ ئەسنادا سۇ ياقىلاپ كېلىۋاتقان بىرسىنىڭ قارد-سى كۆرۈندى. بىز دەررۇ خوشلاشتۇق. مەن قىزىلغا قايت-تىم. شۇ ئەڭ ئاخىرقى كۆرۈشۈشىمىز بولۇپ قالدى. مەن ئۇ بەرگەن قەلەمنى ناھايىتى ئاسراپ ئىشلەتتىم. ئۇنى ھا-زىرغىچە قىممەتلىك تەۋەررۇك سۈپىتىدە ساقلاپ كېلىۋاتى-مەن. ئۇ ماڭا ھەج سەپىرىدىن كېيىن قاھىرەدىن ئالغان بىر كۆزەينەكنى ھەدىيە قىلغانىدى. ئۇنىمۇ قىممەتلىك خاتىرە بۇيۇمى سۈپىتىدە ساقلاپ كېلىۋاتىمەن.»

روزى ھاپىز ئەپەندى كېيىنكى كۈنلەردە ھەقىقەتەنمۇ ئۆز ۋىجدانىي بۇرچىنى ياخشى ئادا قىلىپ، ئاشۇ تەۋەررۇك قەلەمنىڭ ۋارىسى بولۇشقا مۇناسىپ ئىش قىلدى. كېيىن جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەن «مىنىڭ ئۆيي ۋە پەرھاد-شىرىن» داستانىنىڭ بىر نەچچە قېتىملىق نەشر نۇسخىسى ئۇنىڭ يادلىۋالغانلىرى ئاساسىدا تەييارلانغانىدى.

# ئېغىر قىسمەت

1966 ـ يىلى ئىمشېھىت «مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى» نىڭ قاتتىق زەربىسىگە دۇچ كەلدى. خىلۋەتتىكى چەت مالاندا، ئۇن ـ تىنسىز ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شائىر تارتىپ چىقىرىلىپ كۈرەش قىلىندى. ئۇنىڭ 1956 ـ يىلى جۇڭگو ھەج ـ زىيارەت ئۆمىكى تەركىبىدە چەت دۆلەتلەرگە قىلغان سەپىرى «دىنىي نىقاب ئاستىدا چەت ئەلگە باغلانغان ئۇنسۇر»، «پانتۇركىست»، «پارتىيىگە، سوتسىيالىزمغا قارشى گېزەندە» دېگەندەك قالپاقلارنى كىيىشىگە سەۋەب بولدى. بويىنغا يوغان تاختاي ئېسىلىپ سازايى قىلىندى.

شۇ يىلى 10 ـ ئايدا ئۇنىڭ ئۆيى بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىندى. قېلىن ـ قېلىن قولىيازمىلار، خاتىرىلەر، قىممەت باھالىق قەدىمىي كىتابلار شائىرنىڭ ئۆيىدىن توشۇپ كېلىپ ناھىيە بازىرىنىڭ ئاۋات دوقمۇشىغا دۆۋىلەندى، ئۇستىگە كىرسىن چېچىلىپ ئوت يېقىلدى. ئەڭ ئېچىنارلىقى شۇكى، مەرىپەت دۇشمەنلىرى ئىمشېھىتنىڭ قولىغا ئۇزۇن كۆسەي تۇتقۇزۇپ، ئىسسىق قان ـ تەرى، يۈرەك قېنى،

ھاياتى بەدىلىگە كەلگەن ئاشۇ قىممەتلىك گۆھەرلەرنى شۇ كۆسەي بىلەن چوقچىلاپ تولۇق كۆيدۇرۇشكە مەجبۇر قىلـ.
دى. ئەسەبىيلەشكەن قىزىل قوغدىغۇچىلار شائىرنى رەھىمـ.
سىزلىك بىلەن نازارەت قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ «مىڭ ئۆي ۋە پەرھاد ـ شىرىن» داستانىنىڭ ئاخىرقى قېتىم تولۇقلاپ يېزىلغان قوليازمىسى، يېزىلىۋاتقان «گۆر ئاغزىدىن يانغاند.
دا» ناملىق شېئىرىي رومانى، 300 دىن ئارتۇق ئېسىل رۇبائىيسى ئاشۇ ئوتتا كۇلگە ئايلاندى…

شائىر شۇنىڭدىن باشلاپ ئەشەددىي سىنىپىي دۈشمەن قاتارىدا سانىلىپ، تاكى ۋاپات بولغانغا قەدەر ئېغىر قىسمەتـ.
لەرنى باشتىن كەچۈردى. ئۇنىڭ قىزى، شائىرە بۇۋىھەجەر خانىم شۇ چاغدىكى ئۆزى كۆرگەن بەزى ئىشلارنى ئەسلەپ مۇنداق دەيدۇ: «1968 ـ يىلى بىر ساۋاقدىشىم پانۇس گۇلىنىڭ شېخىدىن ئازراق كېسىپ بەردى، دادام گۇلگە بەك ئامراق ئىدى. ئۇ ناھايىتى خۇشال بولۇپ، ئىستاكان كۆمۈـ.
رۈپ يىلتىز تارتقۇزماقچى بولدى. دەل شـۇ چـاغدا ئىسيانـ.
چىلار كىرىپ دادامنى تۇتۇپ ئاچىقىپ كەتتى… مەن ئاش ئېلىپ بارسام، قاراۋۇللار ئاشنى ئەكىرىپ كېتىپ بىر باغاقچىنى ئاچىقىپ بەردى. قارىسام دادامنىڭ: ‹گۇلنى ئىستاكان بىلەن كۆمتۈرۈپ قويۇڭلار›، دېگەن خېتى ئىكەن.
كېيىن قوشنىمىزنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئىسيانچىلار بۇ سۆزنى مۇھىم بىر شەرتلىك بەلگە دەپ گۇمان قىلىپ بىر ھەپتىگىچە ئۆيىمىزنى مەخپىي كۆزەتكەنىكەن، ئۈچ ئايلاردىن كېيىن

دادام ھېلىقى ساۋاقدىشىمغا جاۋابەن بىر ئەينەك سىرلاپ چىرايلىق جاھازىلاپ بەرگەنىدى. »

ئىنقىلابنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ شائىر توختاۋسىز كۆرەش قىلىندى، كوچا ئايلاندۇرۇپ سازايى قىلىندى. ئېغىر جىسمانىي ئەمگەكلەرگە سېلىندى. 1969 ـ يىلى 9 ـ ئايدا ئۇ تۈرمىگە تاشلاندى. ئۇ ئەمدى دەھشەتلىك سوئال ـ سوراق، تىل ـ ھاقارەت، تاياق ـ توقماقنىڭ ئوبيېكتىغا ئايلانغانىدى. «قىزىل قوغدىغۇچىلار» سەئۇدى ئەرەبىستانى پادىشاھى ھەدىيە قىلغان يېشىل سەللە بىلەن ئۇنى گېلىدىن بوغۇپ قىيىنىدى. بىراق، ئۇ يەنىلا مەغرۇر، ئۈمىدۋار ئىدى، نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلايتتى. تارىخ ئاتا قىلغان بۇ ئاچچىق كەچۈرمىشلەر ئارقىلىق ئۆزىنى روھىي ۋە جىسمانىي جەھەتتىن تېخىمۇ تاۋلاشقا تىرىشاتتى. شۇڭا، ئۇ نادان تەلۋىلەرنىڭ «ئوتقا قاقلاش»، «قولاقنى ئامبۇر بىلەن قىسىش»، «بەدەنگە مىخ قېقىش»، «گاڭزىغا بېسىش» تەك فاشىستىك قىيىن ـ قىستاقلىرى ئالدىدىمۇ قىلچە تىز پۈكمىدى. ئاخىر ئۇ ۋاقىت ـ ۋاقتى بولاپ ـ تالىنىپ، شەخسىي بىغىدىكى مېۋىلىك دەرەخلىرى قومۇرۇپ تاشلىنىپ، ئۆزى موزات دەرياسىنىڭ جەنۇبىغا، دەريانى بويلاپ 60 ـ 70 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتا سوزۇلغان ئومباش يېزىسىنىڭ ئەڭ يىراق كەنتى ئاتئوييناق كەنتىگە سۈرگۈن قىلىندى.

ياشىنىپ قالغان شائىر بۇ يەردىمۇ كېچە ـ كۈندۈز

ئېغىر ـ ئەمگەكلەرگە سېلىندى، ئاخشاملىرى نادان تەلۋە-
لەرنىڭ تەنقىد ـ كۆرەش قىلىش نامى بىلەن دۈشكەلەپ ئىچ
پۇشۇقىنى چىقىرىش ئۈچۈن ئەرمەك قىلىندى، ئۇلار نىمشې-
ھىتنى پۈتۈن ئائىلىسى بىلەن ئۇزۇق ـ تۆلۈكىنى قىسىپ
ئاچ قويغانلىقتىن، شائىر ئىلاجىسىز سەئۇدى ئەرەبىستانى
پادىشاھى سوۋغا قىلغان ئالتۇن سائەتنى بىر نەچچە جىڭ
كۆممىقۇناق ئۇنىغا تېگىشىپ يېيىشكە مەجبۇر بولدى. شائىر
جىسمانىي ئازاب، روھىي دەرد ـ ئەلەملەر دەستىدىن ئاغرىپ
يېتىپ قالدى. ئايالى بىلەن كىچىككىنە قىزى بۇۋەھەجەر
ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىش ئۈچۈن ھارۋا ئىزدەپ يىغلاپ
يالۋۇرمىغان كىشى قالمىدى. بىر ئەترەت باشلىقىنىڭ رەھە-
مى كېلىپ، بىر كالا ھارۋىسى ئاجرىتىپ بەردى. ئۇلار
شائىرنى كالا ھارۋىسىغا سېلىپ ئۇمباش يېزا دوختۇرخانى-
سىغا ئېلىپ باردى، دوختۇرخانا «ئەكسىلئىنقىلابچىنى داۋا-
لىمايمىز» دەپ قوبۇل قىلمىدى. ئۇلار دەريادىن ئۆتۈپ،
نەچچە ئون كىلومېتىر يول بېسىپ، باشقا دوختۇرخانىغا
كەلگەن بولسىمۇ، ئوخشاش جاۋابقا ئېرىشتى. شائىر بالىلى-
رىغا:

— بولدى، كۆرىدىغان كۈنۈم شۇنچىلىك ئوخشايدۇ،
مېنى ئۆيگە ئېلىپ كېتىڭلار، — دېدى. ئۇلار ئاتئۇيناققا
قايتىپ كەلگەندە، شائىرغا كالا ھارۋىسى ھەل قىلىپ بەر-
گەن ھېلىقى ئەترەت باشلىقى «ئەكسىلئىنقىلابچىغا ئىچ ئاغ-
رىتتى» دېگەن گۇناھ بىلەن ئاللىقاچان ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ

تاشلانغانىدى...

سىدىق نۇر ئەپەندى يازغان «مەرىپەت مەشئىلى قانداق ئۆچتى؟» ناملىق ئەسلىمىدە، شائىرنىڭ شۇ يىللاردىكى ئېچىنىشلىق كەچۈرمىشى مۇنداق بايان قىلىنغان:

«... دەسلەپتە شائىرنىڭ ئىش ھەققى، كېيىن ئازغىنە تۇرمۇش پۇلىمۇ توختىتىلغانلىقتىن، خېلى بۇرۇنلا ئوقۇشتىن چېكىنىشكە مەجبۇر بولغان چوڭ ئوغلى ئابدۇرېھىم قىيىن ئەھۋالدا قالغان ئائىلىسىنى قامداش ئۈچۈن سىرچىلىق، ئەينەكچىلىك ئەسۋابلىرىنى كۆتۈرۈپ كوچىمۇ كوچا، ئۆيمۇ ئۆي سوكۇلداپ يۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. 1968 ـ يىلى قىشتا ئۇمۇ «نەق ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن بەتنام بىلەن 15 يىللىق قاماققا ئېلىندى.

1970 ـ يىلىنىڭ شىۋىرغان ھۇۋلاپ تۇرغان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، يىرتىلغان كىيىملىرىدىن بەدىنى كۆرۈنۈپ قالغان، كۆزلىرى ئولتۇرۇشۇپ پىلدىرلاپ قالغان بىر بالا ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ لابوراتورىيە ئىشىكى ئالدىدا تەلمۈرۈپ سوغۇقتىن كۆكىرىپ كەتكەن لەۋلىرىنى مىدىرلىتاتتى. بۇ شائىر نىمشېھىتنىڭ ئوغلى ئابدۇرۇپ ئىدى. ئۇ دوختۇرخانا ئالدىدا نېمە ئىش قىلىدىغاندۇ؟ ئاڭلاڭ:

— قان ساتىمەن، قان ساتىمەن!

ئاھ، ئۇ قان ساتىدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ھايات مەنبەسىنى ئازغىنا پۇلغا تېگىشىدۇ، ئۇنىڭغا نان، دورا سېتىۋېلىپ

سولاقتا ئازاب چېكىپ ياتقان ئاغرىقچان قېرى دادىسىنى قوتقۇزىدۇ!

كىشىلەر ھەمىشە شائىرنىڭ كىچىك قىزى بۇۋىھەجەر-نىڭ سولاقخانا ئالدىدا بويىنىنى قىسىپ مەيۈس ھالەتتە قارا دەرۋازىغا تەلمۈرۈپ تۇرغانلىقىنى كۆرەتتى. ئۇ ئاكىسىنىڭ ئىسسىق قېنى بەدىلىگە كەلگەن نان، تۇخۇم، گۆش ۋە دورىنى ئېلىپ كەلگەن. بىراق، كۆزلىرىدە ئۈمىدنىڭ ئاجىز شولىسى ئەكس ئېتىپ تۇرغان ساددا قىز ئەكەلگەنلىرىنىڭ گۇندىپايلارنىڭ قارنىغا كىرىپ كېتىشىنى نەدىن بىلسۇن!

1970 - يىلى 7 - ئايدا شائىرنىڭ ئايالى ئىمىرنىسا-خان ئۈچ ئوغۇل، بىر قىزنى ئارقىسىغا ئەگەشتۇرۇپ، ئازغىنا ئۆي - ۋاقىنى ھارۋىغا بېسىپ، سۈرگۈن قىلىنغان ئومباش گۇڭشېنىڭ 9 - دادۈيىگە (ئاتئويناق كەنتى) كېتىپ ئورۇنلاشتى.

ئۇلارنىڭ يېڭى ئۆيى بىزنىڭ ئائىلىمىز بىلەن قوشنا بولغانلىقتىن، ئۇزۇن قالمايلا ئۇرۇق - تۇغقانلاردەك چىقىشىپ كەتتۇق. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي «ئازاد» قىلىنغان شائىر نىمشېھىت قايتىپ كەلدى. ئۇ كۈندۈزلىرى دادام بىلەن بىللە ئەمگەك قىلسا، ئاخشاملىرى ئۇزۇنغىچە مۇڭدى-شاتتى... نىمشېھىت تۇتقۇنغا ئېلىنغاندىن كېيىن تۇغۇلغان كەنجى ئوغلى رەجەپنىڭ كېسەللىك ۋە ئاچلىق ئازابىدىن كېچە - كېچىلەپ ئاڭلىنىدىغان يىغا ئاۋازى زادى ئېسىمدىن چىقمايدۇ!

شائىر نىمشىھىت دادىۋىنىڭ «ئىتىبار» قىلىشى بىلەن كوللىكتىپىنىڭ قوي ـ ئۆچكىلىرىنى بېقىۋاتقان كۆنلەرنىڭ بىرىدە، گۇڭشىنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى بىر چاپارمىنى شائىرنىڭ 13 ـ دادىۋىگە (توقايلىق كەنتىگە) يۆتكىلىدىغانلىقىنى ئۇق- تۇردى. كۈن غەربكە قايرىلغاندا، بىز شائىر ۋە ئۇنىڭ ئائىلە تەۋەلىرىنى كۆزىمىزگە ياش ئالغان ھالدا ئۇزىتىپ قالدۇق. ئۇلار توقاي كەنتىگە بارغاندىن كېيىن دەسلىپىدە دادىۋىدىكى مەكتەپنىڭ بوش ئۆيلىرىدىن بىرىگە ئورۇنلاشقان بولسىمۇ، كۆپ ئۆتمەي دۆۋىنىڭ كالا قوتىنىغا يانداپ سېلىن- غان بىر ۋەيرانە كەپىگە قوغلىنىپتۇ.

1970 ـ يىلى كەچكۈزنىڭ يامغۇرلۇق بىر ئاخشىمى، ئۆيىمىزنىڭ ئالدىغا بىر ھارۋا تاراقلاپ كېلىپ توختىدى، بىز ئىشىكنى ئېچىپلا يالت قىلىپ ئۆتكەن چاقماق يورۇقىدا سۆيۈملۈك شائىر نىمشىھىتنى كۆردۇق. شائىر ئۇستىۋېشى چىلىق ـ چىلىق ھۆللەنگەن ھالدا تۇراتتى. ئۇ بۇ يەردە قېپقالغان ئازغىنا بىساتلىرىنى ئېلىپ كەتكىلى كەلگەنىكەن. جىسمانىي جەھەتتىن زەئىپلەشكەن نىمشىھىت پۇتلىرىنى يۆتكىيەلمەيتتى. دادام بىلەن يۆلەپ ئۆيگە ئېلىپ كىردۇق، دادام ھەش ـ پەش دېگۈچە بىر ئوغلاقنى سويدى ـ دە، شورپا قىلىپ شائىرنىڭ ئالدىغا قويدى، تاماقتىن كېيىن شائىر دادام بىلەن مۇڭدىشىشقا باشلىدى. سۆزلەر باشقا كەلگەن كۆلپەتلەر ئۇستىدە داۋاملىشاتتى.

— ئىككىمىز ھاياتلا بولساق، — دېدى شائىر سۆھبەت-

نىڭ ئاخىرىدا، — ھەقىقەتنىڭ پارلاپ تۇرغانلىقىنى ئۆز كۆ-
زىمىز بىلەن كۆرۈشكە نېسىپ بولار.

ئۇ چوڭقۇر ئۇھ تارتتى. مەن خىرە چىراغ يورۇقىدا شائىرنىڭ چىرايىغا سەپسالدىم. دەرد - ئەلەم ئۇنىڭ چاچ-ساقاللىرىنى ئاقارتقان، خىرەلەشكەن كۆزلىرىنىڭ ئەتراپىغا سانسىز قورۇقلارنى سالغان، گەۋدىسى كىچىكلەپ كەتكەن-دەك ئىدى. «ئىخ! چاقماق، نۇر خەنجىرىڭ بىلەن تۆھمەت، بالايىئاپەت كۆكسىنى يېرىپ ئۆتسەڭچۇ» دەيتتىم مەن ئى-چىمدە پىچىرلاپ.

شىددەتلىك يامغۇر شائىرنىڭ ۋە دادامنىڭ ساقاللىرىنى نەمدەپ ئېقىۋاتقان ئىسسىق ياشلىرىدەك تاڭ ئاتقۇچە شارقى-راپ ياغدى.

بىز ئەتىسى شائىر نىمشېھىتنى قايغۇ ئىچىدە ئۇزىتىپ قويدۇق. ئۇنىڭدىن بىزگە ئانار گۈللۈك بىر دانە شىرە بىللە ئۆتكەن قىسقىغىنا ھاياتنىڭ يالدامىسى سۈپىتىدە نەمۇنە بو-لۇپ قالدى...

شاۋقۇنلۇق مۇزات دەرياسى مۈگدىنىپ ئاقاتتى. شائىر دەريا بويىدا خىياللارغا چۆمەتتى. يېزىپ تۈگىتىشكە ئامال قىلالمىغان «گۆر ئاغزىدىن يانغاندا» رومانى ۋە يېزىشنى كۆڭلىگە پۈككەن مۇھىم تارىخىي ئەسەرلىرى ئۈستىدە باش قاتۇراتتى. يۈرىكى ئىجادىيەت ئىستىكى بىلەن يانغان شائىر-نىڭ قولىغا قەلەم ئالغۇسى كېلەتتى. بىراق، ئالۋاستىلار ئۇنىڭ قەلىمىنى، ئۆتكۈر زېھىن - كۈچىنى، يېزىش ھوقۇ-

قىنى تارتىۋالغان تۇرسا، ئۇنىڭ يەنە بەت ئۇستىگە سۆز دۇردانىسىنى چاچالىشى مۇمكىنمۇ؟

ئۇنىڭ ۋەتەن، خەلق ئۇچۇن قىلغان ھەربىر ئىشى ئۇنىڭ بوينىدىكى زەنجىرگە گۇناھ ھالقىسى بولۇپ قوشۇلۇپ تۇرسىمۇ، ئۇ يەنە خەلق ئۇچۇن تەۋرەنمەي ئىشلىدى. ئۇ بۇ چەت كەنتكە ماكانلاشقاندىن كېيىن، ‹مۇزات دەرياسى بويىدا چىرايلىق باغ بىنا قىلىش كېرەك›، دەپ ئويلىدى. شۇ يولدا ئىشلىدى، تەر تۆكتى، چارۋىلار غاجاپ نابۇت قىلىۋەتكەن تاشلاندۇق باغنى سۇ قويۇپ كۆكەرتتى، مېۋىلىرىنى ئۇلدى، مېۋىلىك كۆچەتلەرنى تىكتى، سوتسىيالىستىك يېڭى يېزا ۋە ئېتىز - ئېرىق قۇرۇلۇشى خەرىتىسىنى سىزىپ چىقىپ ئاممىغا تەقدىم قىلدى، ئەپسۇسكى، ئۇ بۇ مېھنەتلىرى ئۇچۇن گۇڭشې پارتكومىدىكى ئاساسلىق رەھبەردىن: ‹سەن ئورمانلارنى كېسىپ ۋەيران قىلدىڭ، خەرىتە سىزىپ چەت ئەلگە ئەۋەتىشكە ئۇرۇندۇڭ›، دېگەن تۆھمەتنى ئىشتىمىدىمۇ!؟

شائىر تىنىمسىز ئېقىنىدىن كۆزىنى يۆتكەپ ئورنىدىن تۇراتتى - دە، ھاسىسىغا تايانغان ھالدا ئاجىز گەۋدىسىنى تەسلىكتە يۆتكەپ قايتىپ كېلەتتى. ئەزىم دەريا ئۇنىڭ غېمىنى يەڭگىللىتەلمەيتتى.

نىمشېھىت ئائىلىسىدىكى «نوپۇسسىز»لارغا ئەترەتتىن قەرز ئاشلىقى ھېسابىدا دان بېرىلەتتى، ئۇنى بىر ئامال قىلىپ يۇمشىتىپ ئۇن قىلىشى كېرەك ئىدى. ئىمىرنىسا-

خان چىشلىرى سۇندۇرۇپ تاشلانغان نىمشېھىتنىڭ سۇغا چىلانغان قاتتىق زاغرىنى يېيەلمەي قىينىلىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندە، قـانچە قېتىم يوشـۇرۇن كـۆز يېشـى قىلمىدى؟ ...»

نىمشېھىتنىڭ شىرەم تۇغقىنى ۋە يېقىن دوستى ئۆمەر ساۋۇت ئەپەندى ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرى ھەققىدە مۇنداق ئەسلىمە يازغان:

«رەھىمسىز كېسەل ئۇنى تولىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇۋەتكەندى. بىر نەچچە كۈندىن بېرى ئۇ ئۆزىنى تېخىمۇ بىئارام، ھالسىز سەزمەكتە ئىدى. كۆكرىكىنىڭ ئاستى يىڭنە سانجىغاندەك ئاغرىيتتى. بەل، پۇتلىرىمۇ سىرقىراپ تۇراتتى. ئۇ كۆزىنى ئېچىپ ئەتراپقا قارىدى، يېنىدىكى كىچىككىنە تۆت چاسا يېزىق ئۈستىلىدە قەلەم بىلەن خاتىرە تۇراتتى. ئۇ قوزغالماقچى بولۇپ كۈچىنىپ مىدىرلىۋىدى، ئاغرىق دەستىدىن جېنى قاقشاپ كەتتى. ئۇ ئەلەم بىلەن كۆزلىرىنى يۇمۇپ، ئاچچىق ئۇھ تارتتى...

1970 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ ئاخىرى، ئەبجىقى چىقىپ كەتكەن بىر يارىيار ھارۋا تاغ باغرىنى بويلاپ سوزۇلغان ئوي ـ دوڭغۇل، ئەگرى ـ توقاي يولدا غىچىرلاپ كەلمەكتە. ھارۋىغا يۇڭ ـ تاق بېسىلغان، ھارۋىنىڭ ئالدى تەرىپىدە، يۇڭ ـ تاقلارنىڭ ئۈستىدە بىر مويسىپىت ئولتۇراتتى. ئۇ كىشى ھارۋا قېقىلغان ياكى سىلكىنگەن چاغلاردا ئالدى ـ كەينىگە دۈگجىنىپ، قاتتىق ئازابلىنىپ كېتەتتى. تۇرۇپلا

كۆڭلى ئاينىپ، بېشى قېيىپ، ئالەم قاراڭغۇلىشىپ كەت-
كەندەك، ئەتراپىدىكى تاغلار، دەل - دەرەخلەر چۆرگىلەۋات-
قاندەك تۇيۇلاتتى. هارۋىنىڭ كەينىدە بىر ئايال، بىر نەچچە
بالا پىيادە كېلىۋاتاتتى. «يول ئازابى گۆر ئازابى» دېگەن-
دەك، هارغىنلىقتىن ئۇلارنىڭ ماڭغۇدەك ماجالى قالمىغان-
دى.

شائىر نىمشېهىت بالا - چاقىلىرى بىلەن ئەنە شۇ تەرزدە
باي ناهىيىسى ئومباش گۇڭشېنىڭ ئەڭ يىراق 13 - دادۇيىگە
سۈرگۈن قىلىنغانىدى. بىر توپ قىزىل قوغدىغۇچى ئۇلارنى
نەزەربەند قىلىپ بۇ يەرگە ئەكەلگەندىن كېيىن، ئۇستى
ئاندا - مۇندا يېپىلغان، ئۆگزىسىدىن ئوت - چۆپلەر ساڭگى-
لاپ تۇرىدىغان قاراڭغۇ بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇردى. ئۆي
بەكمۇ كىچىك ھەم دىمىق بولۇپ، ئىچىدە كاڭ ياكى بىرەر
كارىۋاتمۇ يوق ئىدى. ئالتە جان ئادەم داق يەرگە ئاددىيغىنا
بىساتلىرىنى سېلىپ ئورۇنلاشتى. باش پاتسا پۇت پاتمايدىغان
توخۇ كاتىكىدەك بۇ ئۆيگە پاتمىغان نەرسە - كېرەكلەر تالادا
قالدى. لازىم بولغاندا ئۇلارنى تېپىشمۇ تەس ئىدى. غەرب
تەرەپتىكى تامغا ئىككى تال قوزۇق قېقىلىپ، بىرىگە پەنەر،
يەنە بىرىگە بىر بوتۇلكا كىرسىن ئېسىپ قويۇلدى. بىر
بۇلۇڭغا كېسەكتىن پاكارغىنا قىلىپ ئوچاق سېلىندى. ئۆي-
نىڭ ئىشىكتىن باشقا هاۋا كىرگۈدەك يېرىمۇ يوق بولۇپ،
چوڭراق نەپەس ئېلىشمۇ قىيىن ئىدى. بىر ئائىلە كىشىلى-
رىنىڭ كۈنى ئەنە شۇنداق ئۆتۈشكە باشلىدى.

ھېسابسىز دەرد ـ ئەلەم ۋە كېسەللىك دەستىدىن شائىر ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى، ئۇ شادىغا ئوخشاپ قالغان قوللىرىنى يوتقاندىن چىقىرىپ، قوزغالماقچى بولدى، ئۇنىڭ بېشىدا پەرۋانىدەك ئايلىنىپ يۈرگەن ئايالى دەرھال كېلىپ ئۇنى يۆلىدى، يوتقاننى ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىگە يۆلەپ پۇختا ئولتۇرغۇزغاندىن كېيىن، يېزىق ئۈستىلىنى يېنىغا سۈ-رۈپ، تىترەپ تۇرغان قولىغا قەلەمنى تۇتقۇزۇپ قويدى. ئاھ... ئۇ ئويلىغانلىرىنى قايتا يازالارمۇ؟ ئۇ بولاپ كېتىلگەن ئەسەرلەرنى قايتا يازماقچىدىغۇ! ئايالىنىڭ كۆزىدىن يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى. ئۇ كۆز ياشلىرىنى شائىرنىڭ كۆرۈپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. ئۇ ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ، قەلەمنى قايتىدىن شائىرنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. شائىر ئويلىغانلىرىنى خاتىرىگە يېزىشقا باشلىدى، بىراق بىر نەچچە جۈملە يازا ـ يازمايلا قەلەم قولىدىن چۈشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ غەمكىن كۆزلىرى-دىن، مۇڭ ـ پىغان يېغىپ تۇرغان چىرايىدىن ئۆزىنىڭ ۋەتەن، خەلق ئالدىدىكى بۇرچىنى تولۇق ئادا قىلالمىغانلىقىغا قاتتىق ئۆكۈنۈۋاتقاندەك بىر ھالەت ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. 1971 ـ يىلى 6 ـ ئايغا كەلگەندە، ئۇنىڭ كېسىلى تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى. 8 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى بۇ ئوتلۇق يۈرەك سوقۇشتىن ئەبەدىي توختىدى.

«شائىر نىمشېھىت كېسەل ئازابىدا شۇنچىلىك قىينى-لىۋاتقان چېغىدىمۇ يېزىشنى توختاتمىغانىدى. رەھىمسىز

سىل كېسىلى ئۇنىڭ قامىتىنى پۈكۈپ، ھالىنى قويمىغان بولسىمۇ، ھەقىقىي شائىرغا خاس قەتئىي ئىرادىسىنى تەۋرى-تەلمىگەنىدى...»

شائىرنىڭ 1971 - يىلى 8 - ئايدا — ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە «تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» نىڭ يەرلىك غالچىلىرىنىڭ سوئال - سوراقلىرىغا قارىتا يازغان «پېقىر-نىڭ ئىقرارى» ناملىق مەشھۇر شېئىرى بۇ نۇقتىنى تولۇق ئىسپاتلايدۇ:

پاتتى كۆكسۈمگە زەھەر تىرناقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك،
ئۇردى قانلىق قامچىن ئالچاقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك،
قاقشىتىپ يۇتتى مېنى پاتقاقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك،
ئالدى گۈل ئورنى تىكەن - يانتاقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك،
قان شوراپ چاقتى زۇلۇك چاققاقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك،
ھەر قەدەمدە مىڭ تۇزاق - قىلتاقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك.

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

كىمگىدۇر روزى - ساپا، كىملەرگىدۇر زۇلمى - سىتەم،
كىمگىدۇر بايراملىرىڭ، كىملەرگىدۇر چەكسىز ئەلەم،
بىز نىچۈن تەڭلىك سۇيىدىن بەھرە ئالماي قەترە ھەم،
سۇرسە شۇملەر ئەيش - ئىشرەت بىز نىچۈن تەشنا شۇدەم،
يوق ئىكەن ئەدلىڭ بىلەن ئىنساپلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك،
بوغۇزىمىزغا سۇردى تىغ قاسساپلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك.

. . . . . . . . . . . . . . . . .

هېچ بۇلۇت كۇننى توسالماس، پەردە زۇلمەت چاك بولۇر،
نىمشىھىت قايغۇرمىغىن كۆپ، كەلگۇسىڭ پارلاق بولۇر،
نىسبى ئاي بولسا قاراڭغۇ، نىسبى روشەن ئاق بولۇر،
تا ئەزەلدىن بېرى بۇ قانۇن ئېرور، شۇنداق بولۇر.
ئاقىۋەت گۇم بولغۇسى راۋاقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك،
ئۇزىتىپ گۇل بولغۇسى تاياقلىرىڭ ئەي شۇم پەلەك

شائىر ۋاپات بولغاندىن كېيىنمۇ يەرلىكىدە ئارامخۇدا يېتىش ئەركىگە ئېرىشەلمىدى. ئۇنىڭ مۇردىسى ئىنسان قېلىپىدىن چىققان رەھىمسىز مۇئامىلىگە ئۇچرىدى. ئۇ ۋا-پات بولۇشتىن ئىلگىرى كىنىدىك قېنى تۆكۇلگەن يۇرتى تېزەكقاغۇدا يېتىشنى ۋەسىيەت قىلغان بولسىمۇ، ئارزۇسىغا يېتەلمىدى، ئۇنىڭ ئايالى بۇ ئەقەللىي ۋەسىيەتنى ئورۇنداش-قىمۇ ئامالسىز ئىدى. ئۇ زار - زار يىغلىغان هالدا ئەترەت كاتىۋاشلىرىغا تاۋۇت ۋە نامىزىنى چۇشۇرۇپ يەرلىككە قو-يۇشقا ئادەم بېرىشنى ئىلتىماس قىلدى. ئۇ چاغلاردا مەس-چىتلەر چېقىپ تاشلانغاچقا، تاۋۇت ئەترەت ئىسكىلاتىدا ساق-لىناتتى. يۇرىكى قازانىنىڭ كۇيىسىدەك قارىداپ كەتكەن بىر نادان:

— تاۋۇتنى بېرىشكە بولمايدۇ، چۇنكى تاۋۇت زەھەرلى-نىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ جەسىتىنى قەبرىستانلىققا قويۇشقا بول-مايدۇ. چۇنكى، ئۆلۇكلەرنى زەھەرلەيدۇ، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۆينىڭ بىردىنبىر مۇلكى بولغان كارد-

ۋاتىنىڭ پۈتى ئېلىپ تاشلىنىپ تاۋۇت قىلىندى، «زەھەرلەن-
سىمۇ مەيلى» دەپ قارالغان «4 خىل ئۈنسۇر» دىن ئۈچ-
تۆتى تاۋۇتنى كۆتۈرۈپ، مەھەللە ۋە قەبرىستانلىققا يىراق
بولغان چۆل تاغ باغرىدىكى يۇلغۇن تۈۋىگە ئېلىپ باردى.
مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدىسى بويىچە يەرلىك ئېلىنماستىن ئىك-
كى مېتىر چوڭقۇرلۇقتا ئورەك كولىنىپ مۇردا قويۇلدى.
ئاندىن ئۈستى گەمە ياپقان شەكىلدە ئېتىپ كۆمۈۋېتىلدى...
يۆلەنچۈكىدىن ئايرىلغان ئىمىرنىساخان بالىلىرىنى ئە-
گەشتۈرۈپ، قاراڭغۇ، زەي، غېرىب كەپىسىگە قايتىپ كەل-
دى. لېكىن، يورۇق كۈن ئۈنىڭغىمۇ نېسىپ بولمىدى.
1975 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى جەبىر ـ جاپا،
دەرد ـ ئەلەم دەستىدىن بەللىرى مۈكچەيگەن بۇ ئانا بۇ دۇنيا
بىلەن ۋىدالاشتى.

# خاتىمە

1979 ـ يىلى قارا بۇلۇتلار تارقىلىپ ھاۋا ئېچىلدى، ئىللىق قۇياش نۇرى باھار ھىدىغا تولغان زېمىننى يورۇتتى. شائىرنىڭ نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ، شېئىرلىرى رادىئو دولقۇنلىرى ئارقىلىق قايتا جاراڭلاشقا باشلىدى. باي خەلقى چوڭقۇر سېغىنىش ۋە ھۆرمەت ھېسسىياتى بىلەن شۇ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى شائىرنىڭ جەسىتىنى ئۇمباش گۆڭشېنىڭ «ئويقومۇچ» دېگەن يېرىدىكى يۇلغۇن تۇۋىدىن ئىتتىپاق گۆڭشېسى (ھازىرقى بۇلۇڭ يېزىسى) نىڭ يۇقىرد- قى بۇلۇڭ دېگەن يېرىدىكى تاش ئۆستەڭ بويىغا يۆتكەپ قايتا دەپنە قىلدى. نەچچە مىڭ كىشىدىن تەشكىللەنگەن زور قو- شۇن شائىر ۋاپاتىنىڭ 8 يىللىقىنى خاتىرىلىدى…

قەلبى مېۋىزار باغلاردەك يېشىل ۋە باراقسان، قانلىرى موزات دەرياسىدەك دولقۇنلۇق بۇ ئۇلۇغ ئىنساننىڭ روھى ئاخىر ئەمىن تاپتى!

مەسئۇل مۇھەررىرى: مەريەم مەمتىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: زىلەيخا ئەزىز
مۇقاۋىسىنى لايىھىلىگۈچى: مۇرادىل ئابىد

تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر ـ 6
(2)
**پىداكار شائىر ـــ نىمشېھىت**

ئاپتورى: ئابلىز ئوسمان
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى №348)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
ئۈرۈمچى لۇڭيىدا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى: 787×1092 مم، 1/32 باسما تاۋىقى: 4.25
2003 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2003 ـ يىل 5 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىرىژى: 1 — 5000
ISBN 7—228—08010—6
ئومۇمىي باھاسى (1—5) : 30.00 يۈەن
(يەككە باھاسى: 6.00 يۈەن)

رەسىمىنى ئىشلىگۈچى : مۇراددىل ئابىد
مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى : مۇراددىل ئابىد

## تارىخىي شەخسلەر ھەققىدە ھېكايىلەر 6

1. ئىككى دەۋر ئەدەبىياتىنىڭ رىشتىسى ــ ئەھمەد زىيائى
2. پىداكار شائىر ———— نىمشېھىت
3. قەيسەر كارخانىچى ——— ئاكا ـ ئۇكا مۇسابايوفلار
4. يېڭى مائارىپ بايراقدارى ——— ئابدۇقادىر داموللا
5. مەرپەت مەشئىلى ———— مەمتىلى ئەپەندى

ISBN 7-228-08010-6

9 787228 080106 >

ISBN7 - 228 - 08010 - 6
定价: 30.00元